

# بۈركۈتلەر پەرۋازى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



# بۇركۇتلەر پەرۋازى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: باتۇجان ئاتىخان



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

雏鹰展翅·维吾尔文/多人著. — 喀什:喀什维吾尔文出版社,2003.3
ISBN 7—5373—1118—8

Ⅰ.雏… Ⅱ.多… Ⅲ①.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） ②散文—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I217.1

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2003）第 016607 号

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
（喀什市塔吾古孜路 14 号邮编:844000）
**各地新华书店经销**
**喀什维吾尔文出版社编辑部排版**
阿克苏飞达印刷厂印刷
850×1168 毫米 1/32 开本　6.5 印张　1 插页
2003 年 3 月第 1 版　2003 年 3 月第 1 次印刷
印数:1 — 3070　定价:10.00 元

# نەشرىياتتىن

قولىڭىزدىكى بۇ كىتابقا ياش تاجىك ئاپتورلىرىنىڭ يېڭى ئەسىردىكى ئۆزگىچىلىككە، مىللىيلىقىقا، خاسلىقىقا ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىرقىسىم شېئىر، نەسرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

تاجىك ئەدەبىياتى قوشۇنىدا يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئالدىنقىلارغا كېيىنكىلەر ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا بىر تۈركۈم ياش ئۈمىدلىك نوتىلار بارلىققا كەلدى. ئۇلار ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىپ، گۈزەللىكنى، دوستلۇقنى، ئىتتىپاقلىقنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، ناچار ئىللەتلەرنى قامچىلاپ، خەلقىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئەسەرلەرنى روياپقا چىقاردى.

بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر تاجىكلار جەمئىيىتىنىڭ روھىي دۇنياسى ۋە ئېستېتىك قارىشىنى بەلگىلىك دەرىجىدە يارقىن ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، يېقىنقى زامان تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىپ تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى، ئىشىنىمىزكى، بۇ كىتاب سىزگە مول مەنىۋى زوق ئاتا قىلغۇسى.

# مۇندەرىجە


**قەيسەر دۆلەتبېك**

ياپراقتىكى نەقىشلەر ............................................ 1

**ئابدۇرەھىم نەۋرۇز**

سۆيگۈ دەپلا سالىمەن چۇقان ............................... 30

**قۇربانەم ئاخۇنباي**

رىتىمىدىن ئاجرىغان يۈرەك ................................. 51

**يالقۇنجان ياقۇپ**

شۇكىلەن ئەمدى ئەبلەخ يۈرىكىم ............................ 64

**باتۇرجان ئاتىخان**

تاجىكىمىنىڭ يۈرىكىدە مەن ................................ 81

**تۇردىبەگ مۇھەممەدبەگ**

ئېھ، خىسلەتلىك ئۇزاق چىغىر يول ..................... 139

**بەخمەل دۆلەتزادە**

تەنھا يۈرەكتىن تامغان تامچىلار ......................... 149

**ۋارىسجان ئاتىخان**

ئەڭ يېڭى ناخشىدۇر بەلكىم كۆز يېشى .................. 162

**ۋاھاپجان قۇربان**

ياپراقلارغا ئايلانغان دۇنيا ................................ 172

**جانمۇھەممەد ئەلىقۇلزادە**

بۇركۇتمەن ................................................. 181

**قۇربانباي سەئىدقەدەم**

زەرەپشاننىڭ تىنىق ساھىلى ................................ 191

**ئىسمائىل قەلەم**

بىر كۆي بار يىراقتا سوزۇلغان شۇنچە ..................... 196

## قەيسەر دۆلەتبېك

# ياپراقتىكى نەقىشلەر



قەيسەر دۆلەتبېك 1969- يىلى 9- ئاينىڭ 2 - كۈنى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ دەپتەر يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1987 - يىلىدىن 1992 - يىلىغىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ھازىر تاشقورغان ناھىيىلىك پارتكوم ئارخىپ - تەزكىرە ئىشخانىسىدا ئىشلەيدۇ.

ئۇ 1991 - يىلى «قەشقەر ئەدەبىياتى» دا ئېلان قىلىنغان «تاغ گۈلى» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە قوشۇلغان بولۇپ، ھازىرغىچە 80 پارچىغا يېقىن شېئىر، نەسر، ھېكايىلىرى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەن ۋە «مۇز تاغ سۆيگۈسى» ناملىق كوللېكتىپ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. «تاشقورغان تارىخ ماتېرىياللىرى» (1-، 2-قىسىملىرىدا) ناملىق كىتابچىدا، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدا 18 پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان.

## شېئىرلار

### ئەسىر قوڭغۇرىقى

كېچە - كۈندۈز گىرۋىكى ئۇ، قاش قارايغان چاغ،
مۇھەببەتنىڭ گىرۋىكى ئۇ، ھىجرانلىق ۋىسال.
بالىلارنىڭ شۇنچە سەبىي كۈلۈمسىرىشىدىن،
زۆھرە يۇلتۇز تۇنجى بولۇپ كۆرۈنەر تال - تال.

ھاياتلىقنىڭ باشلىنىشى ئاچچىق يىغىدىن،
مېنىڭ بەختىم سەن بىلەنلا ئېچىلار ھامان.
مېنىڭ كۈنۈم سەن بىلەنلا تۈزۈلەر راۋان.
خىياللىرىم قۇرۇق پېتى، نە بىر نەتىجە،
كۈتمەكتىمەن كۈلكەڭنى، ھەي دىلخانەم تۆرى.
كۈنلەپ - كۈنلەپ ئالمىشىدۇ يېڭى خىياللار،
يىللاپ - يىللاپ خاتىرىلىنەر ئاچچىق ئۆتمۈشلەر...
شامال سۈرۈپ ھەيدىۋەتكەن ئاپئاق بۇلۇتتەك.
ئەسلەپ تۇرغىن كۆز ياشلارنىڭ تامچىلىشىنى.
يىغلامسىراپ تۇرار سۆيگۈ كىرپىكلەر ئارا.
يېقىن - يېقىن، يىراق - يىراق ۋاقىت مەنزىلى،
نە باش - ئاياغ، ئېگىز - پەسلىك ئېچىرقاپ تۇرۇش.
تەلمۈرگەندەك خىرىس قىلىپ بۇغىغا يىلپىز —
خىرىستەكلا، مېتالچىلىق مەدەنىيەت دەۋرى.
خونرىز بولۇپ چاچرىغاندەك تاغلارغا قانلار،
نە ۋەجدىن ئۆزگىرىدۇ قىممەت — پۇل بولۇپ؟
كۆڭۈل خىرىس قىلىشىدۇ سېرىق ئالتۇنغا —
سېرىق رەڭلەر نەپسى بالا، قۇتۇلغان قاچان؟
بۇ پاجىئە، ماتەمدارلىق كۈيگە تولغان،
كۆمۈلىدۇ يېڭى ئەسىر شادلىقى بىلەن،
قانداق قەدەم بېسىپ كىرەي، بوسۇغاڭدىن مەن.
قانداق قەسەم ئىچىپ بېرەي، تەبەسسۇمۇڭغا؟!
مېنىڭ كۈنۈم سەن بىلەنلا تۈزۈلەر راۋان،
سېرىق تاغلار داتلاشقاندەك، پارقىرار قاچان؟!

## كۆز يېشى

جىمجىت قىرغاق گىرۋىكىگە جەملەنگەن شاۋقۇن —
ئوخشار ھامان كۈلۈپ تۇرغان، غەمكىن چىرايغا.

تىمىسقاپلا يۇگۇرۇشكەن بەتنىيەت خىيال،
ئاچچىق - چۈچۈك قەدەملەرنىڭ چىرماشلىرىدا.
قىرتاق يېشىڭ دوملاپ چۈشەر قىزلىق يۈزۈڭدىن.
بۇ كۆزلەرنى مەنلا بايقاپ سۆزلىسەم ئاڭا —
ئويناقلىقى، بۇلاقلىقى ئەجەب جىلۋىدار،
سەن نېمىشقا شۇنچە ئۆز ھەم جەزبىدار لەۋەن؟
ئۆزگەرگىنى يوق، لېكىن كۆزلەر قارىشىپ تۇرغان
نىيىتىمنىڭ خاسلىقىدىن گۇمانلانغاندەك...
كۆز ياشلارسىز پاكلىق بولماس، بولسىمۇ گۇمان —
يىراقلاردا ھۆركىرەپ يىغلىۋالغۇم بار.
لېكىن جىمجىت، خىلۋەت جاينى تاپالمىدىم ھېچ،
تىنچسىزلىق ئىسكەنجىسىدە ئۇنتۇلغان سۆيگۈ،
خەتەرلىك پەيت تاپقان ئەقىل بىلەن ئوخشاشلا،
مىجەزىمىز ئوخشاشلىقى — قىزىمدەك گويا...
دىلخانەمنى چىرمىۋالدى ئاجايىپ نىيەت —
نام قازىنىش - پۇل تېپىشتىن نېمىدۇر مەقسەت؟
كۆز ياشلىرىم ئېقىپ چۈشەر قۇلاق تۈۋىمدىن،
نىيىتىمنىڭ خاسلىقىنى نامايان قىلار،
كۆز ياشلارسىز كۆڭلەر بولماس، ۋەياكى جەننەت،
نۇر ئەكسىدە ئابىھايات يالتىراپ تۇرۇپ،
تۆكۈلىدۇ مۇز ئۈستىگە ئاجايىپ دەھشەت !

خۇرسىنىشىم باھار ھىدىنى يۇدۇپ كېلىدۇ
كىشىلەر توپى دېڭىزىدا بىر تال نوتىمەن.
قانىتىمدىن ئايرىلساممۇ مېھرىباندۇرمەن،
ئىسپات بولۇپ كۆرۈنگەندەك دىپلوملىرىم بار —
لېكىن قىيىن بەك قىيىندۇر قەد كېرىپ يۈرۈش.
قىزىل يۇملاق تامغىلارنىڭ كۆرۈنۈشىدە،
كۆز ياشلارسىز ياشلىق بولماس ھەمدە بىر كۈلۈش.

# مۇڭلۇق سەھەر

## 1

نۇر جۇلاسى سىڭدى يۇرەككە،
ئۇپۇق ياسار بۇلۇتتىن سۇرەت.
تاشلىق سايدىن قارايمەن شەرققە،
بۇركۇت پەرى كۆيدى مۇزلۇقتا.
ۋۇجۇدۇمدا ساماۋى ئارزۇ،
مۇزىكىدەك شېرىن ۋە تەلۋە،
بۇ سەھەرنى بايقىۋالغان كىم؟
ئۆگزەمدە بىر كۆك كەپتەر تۇرار،
نىمە ئېلىپ كەلدىكىن ماڭا،
بەرگىن ماڭا قاناتلىرىڭنى،
سەن قايغۇدىن كەتمە يىراققا.

## 2

سەھەر سېھرى — تاغلىق شەھەرنىڭ،
ئىچىپ بولماس دەرد زەمزىمىنى.
قىشلىقىمدا كۆز ئاچقان قوزام —
يوشۇرمايدۇ پىنهان تۇرقىنى.
ئۇپۇق رەڭدە بويالغان شەھەر،
چىراغ نۇرى زېرىكىشكە خاس.
سەھەر نۇرى كۆڭۈللەرگە داغ.
ئېھ، باراقسان ئۇنگەن دەرەخلەر،
سۆيگۈ بىلەن قاغجىراپ كېتەر.

قاڭقىپ كەتكەن خىيال كەپتىرىم،
سەھەر قايتىپ كېلىدۇ ھامان،
شامال بىلەن قاقاس جىلغىلار
ساز چالغاندەك ئۇندا بىر ھەيدەل،
رەققاس قىزنىڭ كۆزىدە تۇمان.
كۆيۈك ئەسلىي قىزىل سىياقتا،
ئۇپۇق دېغى يۇرىكىمگە ساز.
قوللىرىمغا سۆيىمەن ئۆزۈم،
كۆك كەپتىرىم كەتكىن يىراققا،
قايتىپ كەلمە روھىمنى ئىزدەپ.
مەن كۆرىمەن سەھەر كۆزىدە،
مەن سۆيىمەن سېنى ئەزىزلەپ.

## ۋاقىت سىرى

ۋاقىتنىڭ تىزگىنى توختىماي قولدا،
بۇگۈنكى ھاياتقا بەرمەكتە بەرھەم.
خۇشتار ئۇ ئۆزگەرتىش، يېڭىلىقلارغا،
تۇرغۇنلۇق، بىمەنە تۇرالماس مەھكەم.

بىر غېرىچ ئۆسكەن شۇ خۇش پۇراق چېچەك،
باھاردىن ئاتلىسا تۇگەيدۇ تامام.
ياشلىق ۋە قېرىلىق ھاياتتا بىر چەك،
ئىجتىھات، ئۆگىنىش بولمىسا بەردەم.

ياشلىقنى قەدىرلە شۇڭلاشقا دوستۇم،
ۋاقىتنىڭ باغرىدا ئاقىدۇ تىمتاس.

قوشىدۇ ئۆمۈرنىڭ بېغىغا مەنە،
قاراڭغۇ تۈندىكى يانغىنغا ئوخشاش.

## ھەسرەتلىك ناۋا

ياپراق ئىدى ئۆز ۋاقتىدا بىر گۈزەل سەنەم،
ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ دىلخانەمگە باش قويغان ئاستا.
ئۆرتەپ مېنى ئوت ئىچىدە قالدىم — سەمەندەر،
شەپەق نۇرى قوشۇلغاندەك قىزىللىق ئارا،
ئۆڭۈپ - ئۆكسۈپ دىلخانەمگە باش قويغان ئاستا.

تاتىرىپتۇ دىلبىرىمنىڭ رۇخسارى ئەجەب،
ياۋا ئىستەك سارغىيىپتۇ سېرىق غازاڭدەك.
ئەسلىسەم گەر كۆز يېشىمنىڭ تۆكۈلۈشىنى،
مۇز ئۈستىدە ئۆز - ئۆزۈمنى جازالىغاندەك،
ياۋا ئىستەك سارغىيىپتۇ سېرىق غازاڭدەك.

يان باغرىدا قۇياش بىلەن تاغلار سۆيۈشكەن،
پىنھانلىقنىڭ ھۇجرىسىدا چايقالدۇق بىر پەس.
تىنماي يازغان كۈيلىرىمدىن سەگىدى چىمەن —
بۇ پىچىرلاش، بۇ شىۋىرلاش مەڭگۈلۈك ئەمەس!
پىنھانلىقنىڭ قۇچىقىدا چايقالدۇق بىر پەس.

گۈمبىزىمنىڭ ئۈستىدە بىر سۇس نۇر يېنىپتۇ،
دىلبىرىمنىڭ قەلب ئوتىمۇ يا ئۇ ئوقچۇغان؟
نۇردىن پەيدا بولغانمىدۇ دۇنيا ئەزەلدىن؟
ئۆرتەنگەچكە غەمكىن كۆڭلۈم ۋاللىداپ كۆيەر
دىلبىرىمنىڭ قەلب ئوتىمۇ لاۋۇلداپ تۈگەر.

بۇلاق كەبى قوي كۆزۈڭدىن تاپىمەن سوراق،
كۆزلىرىڭدە كۆلەڭگەم بار تەۋرىنىپ تۇرغان.
شىردەك يېيىپ يايلىنى ھۆركىرەپ ئاققان —
دەريا گويا قويۇق چېچىڭ بويىنۇمدا تۇرغان،
كۆزلىرىڭدە سۇرىتىم بار ئەسلىنىپ تۇرغان.

چىرماپ ئالدى يۇرىكىمنى ئەلەم شىكەستە،
ئېھ، پەرىشتەم نازاكىتىڭ جېنىمنى ئالغان.
ئۇرغۇپ چىققان بۇ ناۋادىن ئەسلەيمەن نۇرنى،
قۇياش نۇرى چۆمگەن بۇلاق ئېتىلىپ چىققان،
ئېھ، پەرىشتەم ناز - كەرەشمەڭ قەلبىمگە ئايان.

ھەسرەت ناۋا ئەيلەپ كېلەر يىراق ئەسىردىن،
مۇز قاپلىغان مۇزلۇقلاردا مۇھەببەت كۆيەر.
ئەي جانانىم ئالالمىدۇق ھاياتتىن ئىنئام،
سېرىق غازاڭ كەبى نامىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتەر،
مۇز قاپلىغان مۇزلۇقلاردا يۇرەكلەر كۆيەر.

## سادا

كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ تاشلىق ساي ھامان،
ھارغىنلىق قەدەمدىن توزۇغان توزان.
قۇياشنىڭ كۆيدۈرگۈ نۇرى يېلىنجاپ،
ئۇمىدنى توزۇتۇپ ئۆتمەكتە زامان.

توققۇزى تەل دۇنيا، بولماس ئەزەلدىن،
سەككىزىڭ تەل، ئەمما بىرسى مەڭگۈ كەم.

بايلىقىڭ قامدايدۇ تۇرمۇش ئىستەكنى،
پەرزەنتلىك ئىشقىدىن بېرەلمەيدۇ تەم.

پەرزەنتنىڭ ئاۋازى دىلنى يايرىتار،
ساداسى، كۆرىكى ھەممە خۇشاللىق.
ئۆتىسەن سوغ تاملار، رەختلەرنى سىلاپ،
ئارمانلار ئەۋجىدە بولماس يارقىنلىق.

كەمتۈكلۈك كېلىدۇ ھاياتنى يۇدۇپ،
تىترىگەن گۈلدەستە يەڭلىغ بىچارە.
تەلمۈرۈپ ھەر تاڭدا ئىلتىجا بىلەن،
ئۆيۈقلار سەتھىدە كۈتۈپ يېگانە.

گەر بولساڭ جاپاكەش مېھرىبان ئانا،
رۇخسارىڭ ئەكس ئېتەر پەرزەنت يۈزىدە.
ئەپسۇسكى بۇ ئىنئام بولماپتۇ نېسىپ،
سۇزۇلگەن بۇلۇتتەك يوقاپ جىممىدە.

جاپانىڭ گەردىشى يىراقتا ئۈنلەپ،
ئازابلار قىسمىتى نۇردەك سۆيۈلەر.
جىلۋىدار چىرايغا يېپيېشىپ مانان،
سارغايغان مارجاندەك ياشلار تۆكۈلەر…

## شائىر

خۇرسىنىمەن، شائىرلارنى «ساراڭ» دېسە قاي ئىنسان —
كۆرەلمەستىن، «ساراڭ» دېگەن ئۆزى ساراڭ ئەمەسمۇ؟
شىددەت بىلەن ئايلىنىدۇ چوڭقۇر قاينام - چەمبىرەك،
سۆز كانىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدۇر — شائىردەك.

تەسەۋۋۇردىن گۈل ئۈندۈرەر ۋەيا تىكەن كۆرۈمسىز،
ھەممە ئادەم شائىر بولماس، شائىر دېگەن پەرىشتە!
ئىلتىپاتنى ئۆزى بەرگەن، كارامەتلىك ئاللا - يار.
يۈرەك رىتىم داپ رىتىم بوپ ئۇرۇلغاندەك ھەۋەستە،
شائىر ئىلھام بىلەن يازسا، ھەممە نەرسە ئۈنتۈلار،
پەرىلەردىن باش تارتىدۇ ھاياجاندا پەيۋەستە.
راۋابلاردىن ئۈنلىگەن ئۈن ئازابلارنىڭ گۈل شېخى،
ھەيران بولۇپ تەۋرىنىدۇ بارماقتىكى زىل تارلار.
سۆمباتلىقتا جان كۆيدۈرگەن سەنەملەرگە ۋاي ئىسىت…!
شامال سوققان دېڭىز سۈيىدەك ئۆزگىرىشچان چىرايلار.
سەۋر - تاقەت چەككە يەتكەن كېچىلەرنىڭ قوينىدا،
كۈي - كۈيلەرگە قوشۇلغان بۇ ھىجران ئازاب قوشاقنى.
تەڭسىزلىكنى كىم يازدىكىن يوپۈرماققا ھىد بېرىپ،
غېرىبسىنىپ يېشىللىقتا يالغۇز - تەنھا بىدەرمان،
جاراڭلىغان كۈلكە ئۈنى يىراقلاردىن يول ئالغان،
ۋىلىق - ۋىلىق كۈلۈپ يۈرگەن چاغلاردىكى ئەسلىمە:
كەڭ يايلاقنى يېرىپ ئۆتۈپ دۈپۈرلىگەن يۈرەكلەر،
قۇياش كۈلۈپ قىزارغاندەك جىلۋىلەنگەن خويمۇ ئۇز،
تىنجىشلارنى سىرقىراتقان تومۇردىكى كۆك قانلار.
جىرىڭلىغان تونۇش ئاۋاز كۆڭۈللەرنى ئويغاتقان،
ئىشقى - پىراق كۆز نۇر بىلەن قوشۇلۇپلا مۆڭلانغان.
چاڭقىغان لەۋ ئۇسسۇزلۇقنى ئىپادە قىپ كەلگەندەك —
كەۋسەر ئىزدەپ يىراقلاردىن چەۋەندازدەك ئويناقشىپ،
دىل سىرىنى تۆكۈش پەيتىنى تاللىغاندەك يول ئالغان.
دادىللىقنى تۇغ - ئەلەم قىپ كۆتۈرۈۋالغان گۆدەكتەك.
چوغدەك يېنىپ ۋال - ۋۇل كۆزى توسۇن ئاتتەك ئېتىلغان،
ئەيمىنىشتىن ئايرىلغاندەك خىياللاردا مىڭ رەققاس.
ئۆلپەتلەرنى ئۇنتۇشقان كۆزلەردىكى غەيرىي نۇر،

مۆرىتى بار مەنزىللەرگە باشلاپ كېلەر سىغىنچىنى.
يۇرەكلەردە قورقۇنچ يوق تۇغۇلغان ئۇ رۇستەمدەك
پەرۋاز قىلىپ ئايلىنىشنى ئىستەپ يۇرەر بۇركۇتتەك.
قوش يۇرەكلەر تەڭ سوقۇشتىن چېچەكلىگەن غۇنچىلار
ئەكس ئېتىپ تۈگىمەيدۇ مىڭ - مىڭ خىيال، سايىلار...

چېۋەرلىكنى ئارمان قىلىپ تۇز كۆڭۈللۈك شائىرلار،
ئۇزاقلارنى بىلىپ يەتكەن كۆڭۈل - ئەينەك خىرامان،
دىدارلىشىش كۇنى بىلەن ئارمانلاردىن گۈل تىزىپ —
ئىزھار قىلىپ مۇھەببەتنى، غەشلىكلەردىن بوشانغان،
ئۆرتىنىشلەر دېڭىزىدىن كۆيۈك ئوتنى ئوتلىغان،
تارىخلاردا بولۇپ كۆزنەك كېزىپ جاھان بېتىنى —
قەسەملەردىن يېنىشلار يوق ۋاپادارلىق تەختىدە،
تارتىنماستىن سالاملارنى بەجا كەلتۇر ھەۋەستە.
قول تۇتۇشۇپ ئېگىزلىكتە، شامال سوقۇپ كەتمەستە،
سىنچى كۆزلەر يەر تېگىدىن يېۋەتكۇدەك قاراشسۇن!
مۇھەببەتنىڭ مۇڭى ئوقچۇپ، كەڭلىكلەرگە ئوت چاچسۇن!
سۆيگۈلەرگە كاشىلا بولماس ساقالـدىكـى قىراۋلار.
گېئوتى[1] ۋە رايمالىدەك[2] — ياشانغان، ياش قىزلاردەك
چىراي سولغۇن، بەل مۇكچەيگەن كۆڭۈللەر ياش-مۆجىزىدار —
كېلەچەكنى بىلىپ يەتكەن جالىلىدىن رۇمىيدەك[3].
ئۇرغۇپ چىققان شېئىردۇر كېلەچەكنىڭ باغرىدىن،
شائىر نۇردەك ئۆتىدۇ ئەسىرلەرنىڭ ئالدىدىن.

---

① گېئوتى — گېرمانىيىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ۋە يازغۇچىسى، دراماتورگ، مۇتەپەككۇر.
② ئاقىن رايمالى ئاغا — مەشھۇر قىرغىز يازغۇچىسى چىڭگىز ئايتماتوۋنىڭ «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» رومانىدىكى پېرسوناژنىڭ ئىسمى.
③ مەۋلانە جالالىدىن رۇمىي — مەشھۇر تاجىك پەيلاسوپى، شائىرى.

شائىرلارنى «سارالڭ» دېگەن كۆڭۈللەرگە چالڭ قونسۇن،
تالاشسۇنچۇ شائىرلىقنى، كۈچ سىناشسۇن مەيداندا.
ئۇدۇم ئەمەس بۇ جاھاندا ھوقۇق بىلەن پۇل تېپىش!
شائىرلىقمۇ ئۇدۇم ئەمەس، شان - شەرەپلىك نۇر - زىيا.
نازاكەتلىك مۇكاپات ئۇ — چىن سۆيگۈنىڭ لەۋلىرى،
يۈرەكلەرنىڭ ئىشىكىنى يېپىۋېتىش — نادانلىق.
چەكسىز سۆيگۈ قىيامەتتە باش ئەگمەيدۇ ساختىغا،
نامى قالار داستانلاردا شائىر، ئاشىق - مەشۇقنىڭ.
مارجان تىزىپ سۆز كانىدىن كېلەچەكتىن، ئۆتمۈشتىن،
تەسەۋۋۇردىن گۈل ئۈندۈرەر ۋەيا تىكەن كۆرۈمسىز.
ھەممە ئادەم شائىر بولماس، شائىر دېگەن پەرىشتە،
ئەسىرلەردىن گۈلدەستە بوپ ياد ئېتىلەر ھەۋەستە.

## سىقىلىش

ھىلال ئايدىن شاخلىغان گۈل چەمبىرەكلەر،
بىر يىلتىزدىن شاخلاپ - شاخلاپ چېچىلار ھەريان.
جىمجىت ھاۋا تىنىتىدۇ ئېكران - باھارىنى،
شاۋقۇنلىغان دەريا ئۇنى يۈرەككە گىريان.

تۈز سىزىقتىن تارالغان نۇر — يوللار سوزۇلۇپ،
چەمبىرەكتەك ئايلىنىپلا سىڭدى پىراقلا.
تارامىلىغان كۆز ياشلىرىم تۆكۈلۈپ ئاستا،
سادا ئېقىپ كىردى يۇمشاق توپا باغرىغا.

مېھرىبانلىق شاخلاپ چىقار بىپەرۋالىقتىن،
ۋىسالسىزلار گۈگۈملۈقتا خىيال ئورمىنى.
گىرەلىشىپ ھىلال ئاينىڭ رەنجىشلىرىدىن،
تارامىلىغان زومچەك تاغلار — گۈللەر دولقۇنى.

## تىنىق دەريا

جىمىرلىغان يۇلتۇزلاردەك نۇر چاچار سۇلار،
تىنىق، سۇرلۇك ھالىتىدە ئاقار زەرەپشان.
ئويغىتىدۇ دىللاردىكى پىنھان كۈيلەرنى،
كۆپكۆك رەڭدە تولغىنىدۇ سۇلار — شەرەپ - شان.

سۇرلۇك كۆڭۈل سىرلىرىنى كۆمۈپ ئاستىغا،
كۆرۈنىدۇ كۈمۈش تىمسال قۇياشقا تۇتاش.
سۇ چاچرىتىپ تىزگىن سىيرىپ ئۆتىدۇ ئېتىم،
سايلىق تامان سوزۇلىدۇ ئۇپۇق ۋە قۇياش.

سۇزۇكلۇكتىن تېگىدىكى رەڭدار تاشلار ھەم،
قۇياش بىلەن بەسلەشكەندەك نۇر چاچار ھەريان.
مۇزلۇقلاردىن ئىختىرا بوپ ئاقار ئەسىرلەپ،
چۆل - جەزىرە، باياۋانغا ياقىدۇ گۈلخان.

## ئوتقاشتەك چاقنىدىڭ يىراق ئۇپۇقتا

(ئاتاقلىق تاجىك تاخشىچىسى ئاخۇنىككە)

سۆيۈملۈك يولتۇزۇڭ كۆچكەن ئاشۇ چاغ،
كۆرۈنۈپ كەلگەندەك رەقىب دەممۇدەم.
پىنھانلىق خىرىسلار ئازاب چاقنىتىپ،
ماماتلىق ئېلىشىش بىلىندى ھەر ۋاق.
كۆز باغلاپ گۈگۈملۇق مىنۇت كۆرۈندى،
ئەبەدىي ئۈزۈلدى شادلىق ئۇچرىشىش.

تاپ بىسىپ كەتتىڭغۇ سۆيگۈدىن بىزىپ،
ئۆپۆقلار گىرۋىكىدە گۈللەندى قۇياش.
ئۆزىرىپ بارماقتا ۋاقىت مەنزىلى،
ئاخۇنىڭ ئۆن - تىنسىز ئىزدىنىش ئىچرە.
قامەتلىك جىسمىڭغا قايغۇ ھەمنەپەس
شەبنەملەر تۆكۈلەر، يىلتىز دىرەكسىز...
ئاۋازىڭ ساپلىقى تاغ ھالقىپ ئۆتەر...
يايلاقنىڭ گۈلتاجى بولۇپ سىياقىڭ.
شىپالىق مەلھەمدەك يىنىڭ ئاڭلىنار —
سىمفونىيە — تاش قەلئە بولۇپ ماكانىڭ.

## خىرە نىگاھ

سەن بىر بەخت، مەن ئۆچۈنلا يارالغاندەك جاھاندا،
نىگاھىمدا قارلىق تاغدا جۇلالىغان مەرمەر سەن.
سەن ھوسۇللۇق ئانا يەر بوپ چېچەكلەيسەن ھەمىشە،
غۇنچىلاردىن ھىد تارقىتىپ، ئەتراپىڭدا پەرۋانىمەن.

تاقىر تاغدىن نالە بىلەن سىرغىپ چۈشكەن ياشلىقىم،
بىغىشلىسۇن قاقاس سايغا، ئورمانزارغا ئۆن - ھەسرەت.
جىرالاردا ئىزدەپ يۈردۈم قىنى مىنىڭ بەخت گۈلۈم،
ئىزدىنىشلەر باھارىدىن ئىزدەپ تاپاي مۇھەببەت.

سەن بىر بەخت، سەن سىغىنىش، مەن ئۆچۈنلا مەڭگۈلۈك،
ئانا يەرنىڭ گۈلتاجىدەك جۇلالىغان پەرىسەن.
مەن چۈشەيمەن ياشلىقىمنى پىنھان جىلغا ئىچىدە —
سايلىق تاشتىن خىرە نىگاھ سىلىپ مەڭگۈ قارايمەن.

# پىچىرلاش

تەن بىلەن روھ ئاجرىغاندا، روھ مادارسىز سەرسان بولۇر،
چۆل - جەزىرە، تاغ - قىرلاردا هايالسىزلا تىمىسقىلار.
سەۋرچانلىق كىرەك ئاڭا قايتا بىر تەن — ماكان تېپىش،
ئىز قوغلىشىپ چىغىر يولدا ئۈمىد بىلەن ئالغا باقار.
ۋەھىمىدە تىكىرقايدۇ تىرىك جانغا يولۇققاندا —
كۆزلىرىدىن مۆل - مۆل سۆزلەر نۇر بىلەن تەڭ قاڭقىپ چىقار.
گۇگۇم ۋاقتى شامال سوققان، پىچانلارنىڭ تەۋرىنىشىدىن،
چۆچۈپ تۇرۇپ نەپەس ئالماي، ئەتراپىغا قۇلاق سالار.
بىرەر شەپە - سادا چىقسا ئەنسىزلىكتە قورقۇپ كېتىپ —
بىزارلىقنى بايان قىلىپ، يۇرىكىنى نوقۇپ سالار.
تۈن پەردىسى قوينىدا ئۇ روھسىز تەننى ئىزدەشتۈرۈپ —
تاغ ئۆرۈلۈپ، قارلار كۆچۈپ، مۇز يېرىلىپ بولغاندا جىم،
پۈتۈن ھېسسىي قۇرۇق تەنگە (نېمە بولسا) كىرىش قارار.
بىشارەتلىك كائىناتنىڭ ئاپەتلىرى ئالدىن سىگنال،
تەنسىز روھنىڭ تەبىئىتى بۇ ئىشلارنى ئالدىن سېزەر.
ئۆسۈملۈكنىڭ تەنلىرىدە بىخ - يىلتىزنىڭ ھىدلىرى بار،
بارچە جانلىق تىنىقىدا، نۇر ئىلاھى دەۋران سۈرەر.
نۇر كۆرۈنەر بارچە جاندا، روھ قوشۇلغان چۇمۇلىمۇ —
قۇياش نۇرى، ئاي نۇرىغا يېلىنغاندەك پىچىرلىشار.
نۇر تاللىرى ئاجايىبات، تال - تال نۇردا جان ئىپادە،
نۇرسىز گەۋدە — خۇنۇكلۇكنى كۆرسەتكەندەك، قورقۇپ تۇرار.
تۇزلەڭ جاينىڭ تۇز يولىدا ئەرۋاھ تەننى ئىزدەشتۈرۈپ —
ئەتراپىغا نەزەر سېلىپ، ۋەھىمىلىك تىك ھەم تۇز يار.
روھنىڭ كۆچۈپ يۈرۈشىنى بىشارەت دەپ ئۇنى ھامان،
قايىسى تەنگە راۋا قىلسا، ئاشۇ تەندىن ئۈمىد چىقار.

## قىيالىقنىڭ يوللىرىدا تەكرار ئەسلىمە

شىرىلداپلا قۇملار چۈشەر تاغلار ئۈستىدىن،
يۈرەكلەردىن قانلار سىرغىپ چىققانغا ئوخشاش.
تۈن نىسپىدە سىغىنىشچان پىنھان ھىسلارنى،
كىرەك ئەمەس خىرىس قىلىپ مارجانلار تاقاش.

سىگنال بىرىپ ئايرىلىشقا قارايغان ساقال،
تەشۋىش سالار تىنچ يۈرەككە ھايات يىلتىزى.
تەقدىر ئۆرۈپ ۋارىقىنى رەڭدارلىق تامان،
كۆرسىتىدۇ ماڭالمىغان تەقدىر يولىنى.

نىگاھ تاشلاپ گاھى - گاھى چاقنىتىپ ياشلىق،
ئويناق كۆزى ئەتراپىمدا پەرۋاز قىلىدۇ.
ئاي نۇرىغا چۆمۈپ ماڭدۇق بەكمۇبەك تەمكىن،
ئىگىز - ئىگىز قارلىقلاردا قانات قاقىدۇ.

## زەرەپشاننىڭ گۈلى — زىباسى

ئاپئاق ئايدەك يۈزلىرىڭگە تىكىلسەم ئەگەر،
ھىيىقمىغىن قارىشىمدىن مىغىزدەك جانان.
بادام سۈپەت قاپاقلارنىڭ ئىسكەتلىكىدىن،
ئۆتلىرىمغا ئوت قوشۇلدى ھەسسىلەپ ھامان.

چورۇق كىيىپ يۈرسەڭ ئەگەر سىلىق - سىپايە،
ئاياغ تىۋىش يىراقتىنلا سىڭەر يۈرەككە.

بەلكىم جانان ھەم مېغىزىم سەنمۇ ئاشۇنداق —
تەقەززا سەن مۇڭدىشىشقا… گۈزەل كېچىدە.

پادا ھەيدەپ ماڭغان ئاشۇ تۇرقۇڭغا قاراپ،
خۇشال تۇرمۇش كۈنلىرىڭگە تەئەججۇپتىمەن.
گۈل توزۇيدۇ بۇ ئېنىققۇ، گەر سەن توزۇساڭ —
پىچاق تىلىپ يۈرىكىمنى، قانداق چىدارمەن.

ئوت ئالدىغۇ بۇ جىم قەلبىم تەرسالىقىڭدىن،
يەنە تېخى پەرۋانىدەك ئايلىنىشىڭدىن.
نىگاھىمدىن ئۈركۈپ قاچتىڭ دەرەخزارلىققا —
تەشنايىمنى قاندۇرۇۋالاي بۇلاقلىرىڭدىن.

ماراقچىسەن، ماراقچىسەن ئاجايىپ قىززىق،
كۆزنەكلەردە دەۋرلەيدۇ كېچە ھەم گۇمران.
دېيىشەلمەي گېپىمىزنى پەيت كۈتۈپ قاچان…
دەرد يىغىلىپ يۈرەكلەردە بولدى ئوت - گۈلخان…

*نەسرلەر*

## بۇركۇت

قۇياش ئادالقى نۇرلىرىنى تۆكمەكتە. تۇمانغا يۆگەلگەن تەبىئەت گۆگۈم قوينىنى بېزەپ، كۆكۈچ سۈس پەردىلىرىنى تىترىتىپ، شامالغا تەڭكەش يېنىك نىداسى بىلەن قەلب تارىمنى تەۋرەتمەكتە. تاغ قاپتىلىدا ئىلمەك تۇمشۇقلۇق، ئوت كۆزلۈك، قانىتىنى لەپىلدىتىپ ئۇچۇشقا تەمشىلىپ تۇرغان بۇركۇت پەس-

تىكى دەريا دولقۇنلىرىغا شۇبھىلىك نەزەردە تىكىلدى. تاشقا ئۇرۇلغان دولقۇنلاردىن ھاسىل بولغان بۇژغۇنلارنى پۈتىدا قاماپ تۇرغان تاشتا توسۇپ تۇردى.

قىرغاقتا مۆكۈنۈپ، نەي ساداسى ئىچىگە بەند بولغان پادىچىغا ئۆز پېيىدىن سۇغۇرۇۋېلىنغان نەينى راۋا كۆرمىگەندەك، كۆزلىرىدىن غەزەپلىك ئۇچقۇنلارنى چاچتى. ئەمما، پادىچى كۈيلەرگە چىرماشقان ھالدا شامالللاردا لەيلەپ نەي چالماقتا. بۇلار بۈركۈتنى بىئاراملىقتا، چەمبەرسىمان قىيانغا ئىنتىلدۈردى. ئۇ ئاغزىنى ئېچىپ نەرە تارتتى. ئامال يوق! كۆزلىرىدىن چىققان ئوتلار دەريا دولقۇنلىرىدا يېيىلىپ كەتتى. بۈركۈت كۆز يېشى قىلمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ پەرۋازى يەنىلا كۆك قەرىدە!

## ھەقىقەت

ئۆز كۆمىچىمگە چوغ تارتماقچى بولۇۋاتاتتىم...

ئۆتكەندە كۆك مۇز بىلەن قاپلانغان تاغقا چىقىپ، قارلەيلىسىنى ئىزدەپ تاپتىم. كۆڭلۈم توق، كۆپ بايلىققا ئېرىشكەندىم، لېكىن ئاللانىڭ بۇ ھىممىتى ماڭا كەملىك قىلغاندەك باغلارغا بېرىپ قىزىلگۈل ئىزدىدىم، ئىزدىدىم... تاپالمىدىم. قارلەيلىسىنىڭ مېھرىدىن قۇرۇق قالدىم، ئۆز بەختىمنى ئۆزۈم بەرباد قىلدىم. شۇنىڭدىن بۇيان كۆپ ھەسرەتلەندىم، پۇچىلاندىم...

خۇدا گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغان بولسا كېرەك، ماڭا قايتىدىن قارلەيلىسىنى بەخشەندە قىلدى... نەپسىم يوغىناپ كېتىۋاتىدۇ. قارلەيلىسىنى دەريا ساھىلىدا قويۇپ قويۇپ ئەتراپتىكى گۈللەرنى تەرگىلى تۇردۇم. شۇ چاغدا پەرىشتە بىلەن شەيتان ئىككى مۈرەمدە تۇرۇپ جەڭ قىلىۋاتاتتى.

# ئۈمىد

يامغۇرلۇق گۇگۇملارنى ئۆتمۈشتە قالدۇرۇپ، پەرۋاز قىلىپ، تاغ ۋە دەريالار مەنزىرىسى بىلەن دىل خانەمنى ئارام تاپتۇردۇم.

تاغ پەنجىلىرىنى كەڭ ئېچىپ، رەڭگارەڭ ھەسەن ـ ھۈسەنگە كۆز تىكىۋاتىمەن. ئارچا شاخلىرىدا يامغۇردىن قېتىشقان قەبرىلەرگە كىرىپ، ناتونۇش ئادەملەرنىڭ چاقچاقلىرىغىمۇ كۆنۈپ قالدىم. قاراڭغۇ كېچىلەرنى ياشلىرىم بىلەن يۇيۇپ پاكلاندۇراي دەپ تىرىشىۋاتىمەن. چېقىلغان چاقماقلار زەربىسىدىن يوپۇرماقلارغا يۆگىنىپ خۇدادىن پاناھلىق تىلەۋاتىمەن، غەلىيانلىرىم دۇنيانى ھەيرەتتە قالدۇرمىسىمۇ، كۆڭۈل غارلىرىمغا گۇلدىن نەقىش چىقىرىپ ماڭا سوۋغا قىلىشى تۇرغانلا گەپ، ئارمانلىرىم — كۆز ياشلىرىمنىڭ قورام تاشلارغا تۆكۈلگەن تامچىسى بىلەن تاغلارغا خۇشاللىنارلىق مۇڭلارنى ياغدۇرالايدۇ.

# قىش شاۋقۇنى

قىش شاۋقۇنى — ئاجايىپ يېقىملىق...

قاراڭغۇلۇقتا مەھكۇم قىلىنغان چۇمۇلىلەر پادىشاھى باھاردا يىغقان نازۇنېمەتلىرىنى مەززە قىلىپ تەكىيىگە يۆلىنىپ چۇشلەر ئىلكىدە ئۇزاپ بارماقتا. چۇمۇلىلەر قەلبى باھاردىكى زەڭگەر چۇش — ئاسماننى چۇشىمەكتە. ئارزۇ ـ ئىستەكلەرگە چۆمۇلمەكتە.

قۇشلارنىڭ پەيلىرى پۇرلىشىپ قالغان. بۇ نىمجان جاند-

ۋارلار باھار مېلودىيىسىنى ئەستىن چىقارماسلىقتا تىرىشىپ دىل دەپتىرىنى تەكرار ئوقۇماقتا. چۈمۈلىلەر ناھايىتى كىچىك ھاشارات. ئەمما، ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ نەرسىلەرنى كۆتۈرەلەيدۇ.

دەرەخ شاخلىرىدا مۈگدەپ قالغان ئاپئاق قار ئۇنچىلىرى قۇياشنىڭ ھارغىن نۇرلىرىدا ئارانلا نۇر چاچماقتا. بۇ نۇرلار دەرەخ يىلتىزلىرىغا قوشۇلۇپ يىلتىزلار بۇرچىنى ئاۋۇتماقتا ئىدى.

قىش — ھەممە ياق كۆرۈمسىز كۆرۈنىدۇ. دەرەخلەر قاق-شال يالىڭاچلىنىپ، بورانلاردا نالە قىلىپ ئۆتسىمۇ يىلتىزلار قەلبىدە باھار ياشنايدۇ، قىش قاردىن ئاپئاق لىباس كىيىپ، ئىنسانلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈر، جاپالىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈش-نى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ شاۋقۇنى ئاجايىپ يېقىملىق!

مەن مۇز قاپلىغان دەريا ساھىلىدا تۇرۇشنى مەڭگۈلۈك بەخت دەيمەن...

پەسىللەر ئۆزگىرىشى — ئىنسانلارغا ھاياتنىڭ تەكرارلىنى-شى بولۇشى مۇمكىن.

قەلبىمگە بىر يەڭگىل تىترەك ئولاشتى. باھاردىكى چې-چەكلەردەك ئاپئاق قار ئۇنچىلىرى ماڭا پاكلىقتىن دەرس بەر-مەكتە. بۇ، مېنىڭ قەلب بۇرچۇم.

قىش — ئۇ تۇرمۇش سىنىقى!

## شەرەپلىك تەزكىرە

ئىككى مۇرەمدە ئىككى ئاق پەرىشتە ئاستاغىنا پىچىرلاپ دەرس بېرەر شېئىرىيەتتىن ماڭا، سۆبھىدەمدە. ئۇستى كۆل، ئاستى چوغ پېتى تۇرغان دىلىمدا تۇنجى دىدارىڭ كۆمۈكلۈك. ھەر قېتىم يېتىرقىشىم ئەۋجىگە چىققاندا، يىراق تاغدىن

پەرىشتىلەر ئۇچۇپ كېلىپ ئۇچۇرۇڭنى تىنماي تورۇۋالسمۇ، سېزىپ تۇرىمەن پەرىشتىلەر كۆزىدىن... تۇيۇپ تۇرىمەن ھەردەم ئەلەملىرىڭنىڭ ۋەزنىنى، سولغۇن چىراي — ئاققان نۇر ئەمەس، خۇنۇكلۇكنىڭ بېشارىتى ئۇ. كۆزلەرنى چاقنىتىپ كۆكلەملەردە ياشنايدۇ نايناق.

ئاياغ تىۋىشلىرىڭ مەڭگۈلۈكنىڭ سىگنالى تۇسىدە قەلبىمگە باسىدۇ تامغا. يۇرىكىمنىڭ بىر بۇرجىكىدە دۇنيا قۇشلىرى پەر قاقىدۇ، تىنماستىن كۇتمەكتە شەربەت تىلسىملىرىنى.

سېغىنىشنىڭ كۆركەملىكىنى مۇزدەك دەريا سۇدا سەگەكتىدە بىلىۋالغىنىدەك، ئىنتىلىشنىڭ كىچىك قاناتلىرىنى كېرىپ كېلىۋەر. سېنىڭ دەرد كۆمۈلگەن دىلىڭنىڭ تىنىقى تارىخنىڭ داۋاملىشىشى بىلەن دەۋرداش...

ياخشىلىققا يامانلىق قىلىمەن.

ئۇنىڭ قوي كۆزلىرى ماڭا تىكىلگىنىدە كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم. «ئېتىشمىغۇچە تېپىشماس» دېگەن ماقالنى كىم تاپقاندۇ. مەن پەقەتلا ئېتىشالمايمەن بىرەرسى بىلەن، لېكىن دەقىقىلىق تېپىشىش ھەردەمدە كۆرۈنىدۇ كۆزۈمگە.

كېسەللىك — مىكروب، ۋىرۇسلاردىن تارقالغىنىدەك ياخشىلىقمۇ ئەقلىيە سۆزلەرنىڭ ياردىمىدە تېزلا يامرايدۇ. يامانلىق — بېلىنى چىڭ باغلاپ بەيگىگە چۈشكەن چەۋەندازلاردەك تىنماي پەيت كۇتۇپ قۇسۇر ئىزدەيدۇ. ئۇنىڭ قوڭۇر رەڭ كۆزلىرىدە شەھۋەت نۇرلىرى جىلۋىلەنگەندە، مەن يامانلىققا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمەن. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە خۇن - غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنىڭ كۆرۈلۈشىگە بەكلا ئىنتىزارمەن.

سېرىق رەڭ — شەھۋەت تەسۋىرلىرىدىن ئارقىمۇئارقا ئېتىلىپ چىققان ياخشىلىق دانچىلىرى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكىنىمدە، ئىنسانىيەتنىڭ تۈگىمەس گۇناھ پاتقىقىغا جىرىم تىكىپ قويىدۇم، كۆكلىسۇن دەپ...

يامانلىقنى خۇرجۇنغا قاچىلاپ ئاتقا ئارتتىم ـ دە، قارلىق داۋانغا ياماشتىم. يامانلىق — سوغۇققا چىدامىلىق بولغان بىلەن، يۈرىكىمدىكى ئىسسىق تىنىقلارنى ياخشىلىق تامان، بۇلۇتلارغا ئەگەشتۈرۈپ ماڭدۇرالايدۇ. داۋاننىڭ تۇۋى مۇزلۇق بولغىنى بىلەن، داۋاننىڭ بېشىغا ياخشىلىقنىڭ قار ئۇچقۇنلىرى ھەر تەرەپتىن ئۇچۇپ قونۇۋېرىدۇ.

قىزچاق دېدى: — بارايلىچۇ، ئۆيۈڭگە...

كۆڭلۈمگە تەسكىن تاپقۇدەك سۆز تاپالمىدىم.

ئۆيۈمدە بار: ماتروس، ساپالىرىم، ئەينەكتىن پۈتۈلگەن تارچۇق كارىدور. ئۆيۈمدە بار: تېلېۋىزوردىن چىقىۋاتقان سۆيگۈ ئەلىمى، بىۋاپانىڭ غالىبىيەتلىك كۆرەڭلەشلىرى، يەنە ئۆيۈمدە بار: كۆزى يۇمۇق ئاقارتىلغان تاملىرىم.

ئۆيۈمدە بار: شەيتان تەخىمىسى...

ئۇ قىزچاقنى باشلاپ بارسام ئۆيۈمگە دېرىزە تەكچىسىدە ئولتۇرغۇزىمەن يوشۇرۇپ، تىزنقلىق كىتابلىرىم كۆرمىسۇن ئۇنىڭ بەتبەشىرە كۆڭلىنى...

ئەركەكلىكىم تۈگەشتىمۇ بىلمىدىم، ئايالّلارنىڭ رازىلىقى ئۆلگۈچە...

ئۆيۈمدە بار تۇرسا يەنە بەرىكەتنىڭ ھېكمىتى، بۇقسۇغان كۆڭۈلنىڭ لەش ئىپپىتىنى باشلىسام ئۆيگە...

بىۋاپالىق گۈرۈلدەپلا ئوت ئالسا...

## كۆرۈشۈش

بۇ ∓ شەكىللىك ئانچە كەڭ بولمىغان كوچىدا، سىز بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىشتىن قانچىلىك قورقىمەن ـ ھە؟ سىز بۇنى بىلەمسىز؟ لېكىن، سىزنى بىرەر كۈن كۆرەلمەيمۇ تۇرالماي- مەن! قارىشىڭىزنى يىراقتىن كۆرۈپ تۇرساملا يۈرىكىمنىڭ دۈپۈل-

دەپ سوقۇش رىتىمى ئاستىلايدۇ. ئۆزۈمگە ھەيران بولۇپ، سىزنى ئىزدىگەندەك ئەتراپىمغا قارايمەن بىغەم ھالەتتە تۇرۇپ.

چۈمۈلە يۈرىكىم ئۈستىدە يورغىلاپ ئۇياق - بۇياققا ماڭغاندەك ھەسرەتلىرىم يۈرىكىمنى ئۆرتەپ تۈگەشتۈرىدۇ! چىرايىمدا قان دىدارى قالمىغان ھالەتتە كەينىڭىزدىن سارغىيىپ غېرىبانە كۆيلىرىمنى ماڭغان يوللىرىڭىزغا تۆكۈپ، تىرىكلىكتىن ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ، بۇرۇلۇپ ئېگىز تۆپىلىككە چىقىپ كېتىمەن. لېكىن، سىزگە قايرىلىپ بېقىشقا جۈرئىتىم ۋە ماجالىم يوق. يۈرىكىم تۈيۈپ تۇرىدۇ، سىز كەينىمدىن، ھازىدارنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزىدىكى بىچارىلىك ۋە ئۈمىدسىزلىكنى نامايان قىلىپ يوللىرىمنى يورۇتۇپ، يۈرىكىمنى داغلاپ قاراپ تۇرىسىز. تىنىقىڭىز، خۇرسىنىشىڭىز ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ يېنىمدىلا.

ئىختىيارسىز كۆككە، مەن تۇرغان تۆپىلىكنى دەۋرلەپ ئايلىنىۋاتقان بۇركۈتكە قاراپ قالىمەن. بۇركۈت قاراۋاتقانلىقىمنى سەزگەندەك تېخىمۇ ئۆرلەپ، قارا چېكىتتەك ئارانلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئىككىمىز بۇرۇن مانا مۇشۇ تۆپىلىكتە تۇرۇپ، بەخت دېڭىزىدا خۇشاللىق كېمىسىنى ھەيدەپ جاھاننى سەيلە قىلىپ شاد - خۇراملىقتا چۆمگەنىدۇق... يېلىنجاپ تۇرغان قۇياش بىزگە گۇۋاھ ئىدى... لېكىن، سىز شۇكرانە لىباسىڭىزنى ماڭا كىيدۈرۈپ، باشقىلار بىلەن كەتتىڭىز! ئاقىۋەتچۇ؟ پۇشايمان پاتقىقىدىن چىقالماي، ماڭا تەلمۈرۈپ، قولىڭىزنى سوزۇپ قۇتۇلدۇرۇشۇمنى ئۆتۈنگەندەك تەلمۈردىڭىز. بىۋاپالىقنىڭ قانچىلىك دەرىجىدىكى گۇناھ ئىكەنلىكىنى سىزگە بۇرۇنلا ئېيتقان ئىدىمغۇ! ھەي بىۋاپا پەلەك، تەقدىرىمنىڭ بۇنچىلىك تەلمۈرۈشچانلىقىنى ئۆزگەرتسەڭچۇ؟

بۇركۇت دەۋرلەپ ئايلىنىپ ھارغان بولسا كېرەك، زېمىن ئۈزرە قايتىپ يېنىمغىلا كېلىپ چوڭ قورام تاشقا قوندى. كۆز-لىرىمدىن تامچە ياشلارنىڭ سىرغىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم. تىنىقىڭىز يېنىمدا بولسىمۇ، يۈرىكىمنىڭ سىزدىن قانچىلىك يىراقلىقتا ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

## يول دوقمۇشىدا

بۇ بىر دوقمۇش يولى — بىز ئۈچۈن ۋاقتىنچە تەييارلاپ قويغان سەھنە. كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ سەبىيلىكىڭىزدىن يورۇقلۇق ھەم روشەنلىك! مېنى ئۆز مەيلىمگە قويۇڭ، كۆزلىرىمگە تىكى-لىڭ، مۇز چوققىلاردىكى چاڭ باسقان قارلاردەك ئەمەس، كۆپ-كۆك يالتىراپ تۇرغان سۇزۇك مۇز چوككىلىرىدەك! كۆزلىرىم-گە قاراڭ، بىدارلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقانمەن.

قۇياش نۇرىدا چاقناپ تۇرغان تېيىلغاق مۇز ئۈستىدە تۇ-رۇپ، ماڭا باغرىڭىزنى ئېچىڭ - دە، مەن ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك ئاپتاپ رولىنى ئوينىيالىسىڭىز، مەڭزىڭىز تولۇن ئايدەك رەڭ ئالىدۇ. قارىچۇقىڭىز بەختىمگە ئوخشاش تىنىمسىزلىك سەپىرى-دە ھەمراھدارلىقتا يارايدىغان ئوخشىمامدۇ؟ مېنى يېقىنىڭىز ياكى دۈشمىنىڭىز سانىسىڭىزمۇ ئىختىيار سىزدە، چۈنكى دۈش-مىنى يوق ئادەم بولمىغىنىدەك، دوست - يېقىنى يوق ئادەممۇ بولمايدۇ.

يېتەكلەپ مېڭىشىمۇ بىر خىل خىسلەت بولغانغا ئوخ-شاش — يول دوقمۇشىمۇ ھاياتىكى دەقىقىلىق ھاياجان بىلەن رەڭ تالىشىپ گۈللىنىپ، غازاڭ تاشلايدۇ. يول دوقمۇشىدا تۇرۇپ مېنى يەنە بىر ئەسىر كۈتەلەمسىز؟

دوقمۇشلاردا يىگىتلەر كۈتۈپ تۇرار قىزلارنى، قىزىرىپ-تارتىنىپ تۇرۇپ. دوقمۇشلاردا سەتەڭلەر كۈتۈپ ئالار ئەركەك-

نى. قىزلار كەلسە ھال تارتىپ، يىگىتلەردە ماجال يوق، سەتەڭلەرنىڭ كۆزىگە سىڭىپ كىرگەن ئەركەكلەر ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ گاراڭلىشار ھەپتىلەپ.

يول دوقمۇشى مۇشۇنداق تىنىمسىزلىق ئىسكەتتە. جىگەرىم، باشلاپ باراي مەن سىزنى شېۋەلەڭنىڭ قوينىغا...

چۈنكى، قەلبىمىزدىكى دوقمۇشلار بىزگە ئەمدى مەڭگۈلۈك دوقمۇش بولۇشتىن قالدى جىگىرىم. ئارىمىزدىكى رىشتە بىزنى بىر ئۇلۇغ بىرلىشىشكە باشلىماقتا.

## قايتا كەلسەم

كاشتان گۈلىنىڭ قىپقىزىل چېچەكى پەرىشتىدەك قەددىنى ئاستا ئېگىپ، كۆل رەڭ ئاسماننى خىيال قىلغاندەك سۈكۈناتلىق تۇراتتى. گۈلىنىڭ پورىكى تۈنجى قىزىل كۆڭلەكلىك نازنىننى ئەسلەتكەندە، گۈل بەرگىگە يۈرەك باغلىنىپ قېلىپ ئۇنىڭ لالە رەڭ قەدەھتە تەڭلەنگەن چايدەك سۈزۈك يۈزلىرىنى ئويلاپ قېتىپ قالدىم.

چىناردەك تۈز قەددىگە تىكىلىپ چۈش كەبى خىياللار ئىلكىدە لەيلەپ تۇرۇۋالغان چېھرىگە قارىغىنىمدا ئازاب كەچمىشلىرىم قەلبىمگە قارا كۆلەڭگە سايە تاشلىدى. ئايدىڭ كېچىدىكى سۈكۈناتلىق نازىغىشتا ئوتلاقنى ئاستا كېزىپ ئويغا پاتتىم... تۈنجىسىغا ئازاب ئىچىدە خوشمۇ دېمەستىن يىراقلارغا يول ئالغان ئىدىم. تەسەللىسىگە سۆز تاپالماي شېئىرلىرىمدا سېھىرلىك كۈيلەرنى ياڭرىتىپ ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا بەخت تىلەپ. مانا بۈگۈن شېئىرلىرىمدىن ئۆزۈمنى ئىزدەپ كەلسەم ئۇنىڭغا ئوخشاشلا بىرسىنىڭ ئۇدۇل تىكىلىشلىرىگە دۈچ كېلىپ، ئۆزۈم ھەققىدە چوڭقۇر ئويلاندىم. قەلب يوللىرىمنى مەنزىلسىرى نىشانلاپ ئىزدەپ تاپالمىغان كاشتان گۈلىنىڭ قىزىل چېچىكىنى

ئازابتىن پۈتۈلگەن يېگانە قەلبىمگە مەلھەم قىلىپ تېڭىشنى ئويلىدىم.

تۈنجىسى تىنچ قەلبىمنىڭ گىرۋەكلىرىگە سايە تاشلاپ ئۈز-سىزلىك تەبەسسۇملىرىنى ھەدىيە قىلغان بولسا، ھازىرقىسى ئىككى قولىدا شاراب تۇتۇپ تۇرۇپتۇ، قەدەھنىڭ گىرۋەكلىرى-دىن نۇر يېنىپ تۇراتتى. ئۇ ئازابلىق قەلبىمگە ئاتەش سېلىپ قويۇپ سۈكۈناتتا تەلمۈرۈپ قالدى.

كاشتان گۈلىنىڭ قىپقىزىل چېچىكى نازغىش ئاھاڭلىرىدا قۇم باغرىدا ئاداققى قىزىللىقىنى قالدۇرۇپ، سۈ ئېقىنىنىڭ قارشىسىدىكى ئالتۇن رەڭ ئۇپۇققا سىڭىپ كەتتى... دەسلىپىدە قەلبىمدە شېئىرىي تۇيغۇ ئويغۇغان، قالغىنى نەسرنىڭ تۈگى-مەس سەترلىرى ۋە ھېكايىنىڭ يېڭىلانغان ماتېرىيالى... كىتاب بولۇپ پۈتۈلسە، سىرلىرىمنىڭ ئاشكارىلىنىشى ۋە ئۆزۈمنىڭ خاتالىقلىرىنى يۇدۇپ موھتاجلىق ئىسكەنجىسىدە قايتا كاشتان گۈلىنى ئىزدەيمەن، ئۇ چاغدىكى كاشتان گۈلىنىڭ قىپقىزىل چېچىكى نېمىلەرنى قالدۇرۇپ كېتەركىن...

## كىرپىكتىكى ئەندىشە

كۆيۈنۈشنىڭ ھەرخىل مۇددىئاسى بولغىنىدەك، سەۋر - تاقەتنىڭمۇ سەۋەبى بولىدۇ. ساڭا پاك مېھىر - مۇھەببەتنى بەخش ئەتكەن ئاتا - ئاناڭغا يالقۇنلۇق ھېسلىرىڭدا تەزىم قىلىپ تۇرغىن. ئۇلارنىڭ تالاي رىيازەت چېكىشلىرى ئوماق ۋە پاكلى-قىڭدىن بولسا، ساڭا كۆيۈنۈشى ئۇلارنىڭ ئەقەللىي مۇھەببىتى. يېڭى تۇغۇلغان بوتىلاققا ئانىسى ھېچكىمنى يېقىن كەلتۈرمەيدى-غاندەك، ئەمدىلا دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاققا ئانىسىنىڭ چەكسىز مېھرى، دادىسىنىڭ دادا بولۇشتەك پەخىرلىك تۇيغۇسى ۋە بىللە پەرۋىش قىلىش ئىستىكى سىڭىپ كەتكەن. ئۇلار ئۆمۈر بويى

مۇشۇ پەرىشتىدەك پاك بوۋىقىنىڭ غەم - غۇسسىسىز ئۆتۈشىنى ئارزۇلاپ، شېرىن خىياللار ئىلكىگە چۆمىدۇ. لېكىن، ئۆز ھاياتىنىڭ قايناملىرىدىكى ھەربىر قەدەم ئىزىنى ئويلىغىنىدا، سۆيۈملۈك بوۋىقىنىڭ تەقدىرىدىن ئەندىشىگە چۈشىدۇ. مانا بۇ ئەندىشە — بەختسىزلىكنىڭ باشلىمى. كىم ئۈمىدۋارلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، بوۋىقىنىڭ كەلگۈسىنى سەۋر - تاقەتنىڭ تارازىسىدا ئۆلچەم قىلسا، بوۋاقنىڭ تەقدىرى ئاللانىڭ ئارزۇسى بويىچە ماڭىدۇ.

ئەندىشە - ئىزتىراپلار پەرىشتىدەك بوۋاقلار ئۆمرىنىڭ كۈشەندىسى! ئاتا - ئانا ئۆز مەقسەتلىرىنى بالىنىڭ ئۆمۈر مەنزىلىگە تەتبىقلىسا، بۇ تەكرارلىنىشچانلىقنىڭ بورانلىرىغا يولۇققاندا ئەس - ھوشىنى يوقاتقانلىقنىڭ ئىزنالىرىدەك، كىرپىكلىرىگە ئەندىشە توزانلىرىنى قوندۇرۇۋالىدۇ - دە، ئۆمۈر مەنزىلىنىڭ بەختسىزلىكىنى قايتىلايدۇ. ئاتا - ئانا بولغۇچى پەرزەنتلىرىنى دەۋر چاقىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە تىزگىنلىيەلىسىلا، كىرپىكلىرىدە ئەندىشە توزىنى ئەمەس، بەلكى ئىلاھىي نۇرنىڭ چاقناپ تۇرغانلىقىنى تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالايدۇ.

## قەيسەرنامە

### 1

ئاسمان كۆكسىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر توپ ئاق كەپتەر شادلىق ئىلكىدە زوقلىنىپ كۆكسىگە ساپ ھاۋانى سۈمۈرۈۋاتاتتى. ساپلىققا تەشنا ئېچىرقاشلىرىمنىڭ نالىسىدەك ئاق كەپتەرلەر ئۇچۇشىدىن ئىلھام ئالغان جاسارىتىم ئەقىل مېۋىلىرى بىلەن گىرەلىشىپ تەسەۋۋۇر ئېكرانىمدا ئەركىن پەرۋاز قىلىش ئىستىكى يۈرەكتە ئۇچقۇندىدى.

## 2

سەرگۈزەشتىلىرىمنىڭ تەڭدىن تولىسى زەرەپشان دەرياسىغا چۆكۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئەقىل - ئىدراك نۇرلىرىنىڭ تەستىقى بىلەن كۆمۈلگەن تارىخنىڭ نۇرلۇق قۇم ساھىللىرىدىكى پورېترىتى، سېنىڭ ئەزمىلىك يېتىرقاشلىرىڭغا قارىغاندا يەنىلا پىنھان تۇرغىنى مۇۋاپىق. مەغلۇبىيەتنىڭ كۈلكىسىدە ئىپادىلەنگەن ئىزنالارنىڭ قىيا تاش سۈرەتلىرىدە زاھىرلىنىشى، سېنىڭ مۇۋەققەت شۆھرىتىڭنىڭ ساختىلىقىنى يىرتىپ تاشلىيالايدۇ ئەلۋەتتە. بۇ ھەقىقەت بۇژغۇنلىرىڭنىڭ خادا تاشلار تەرىپىدىن بىردەملىك توسۇۋېلىنىشى بىلەن سېلىشتۇرما قىلىنىشى مۇمكىن.

## 3

گىلەمگە چۈشۈرۈلگەن گۈل نۇسخىلىرىدەك يايلاق گىياھلىرىنىڭ تۈرلۈك مەنىلەردىكى نەقىشلىرى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشى، باغلاردىكى خۇش پۇراقلىق گۈللەرگە قارىغاندا ئەرزىمەس ئىش بولسىمۇ، لېكىن تەنھالىقنىڭ ھەمرىيى بولالىغۇدەك ھۆسنى ئۇنىڭدا ئىپادىلىنىدۇ. ساددىلىق بىلەن مېھرىبانلىق يايلاقلاردىكى گىياھلاردىلا ئەمەس، تاغ كىشىلىرىنىڭ مىجەز - خۇلقى بىلەنمۇ يېقىندۇر. يايلاق گىياھلىرى قەلبىمدە تارىخىي نەقىش ئويالايدۇ، گەرچە ئۇ خۇش پۇراق چاچالمىسىمۇ...

## 4

قەلب رىتىمىمنىڭ نامەلۇم شەيئى تامان ئۈزۈپ بېرىۋاتقانلىقىنى سېزىۋاتىمەن. لېكىن، بۇ نامەلۇم شەيئىنىڭ جاھان

سەتھىدىكى ئۇپۇق تەختىدە تەۋەللۇت بولغان - بولمىغانلىقىنى بىلمەيمەن. پەقەت ئۇنىڭ قەلبىم تامان ئىنتىلىشچان تەرەددۇتتا بولۇۋاتقانلىقىنى ئالدىن سېزىۋالالايمەن. قەدىمكى ئاستانىلەردىكى ئىزگۇ روھلار شاماللار بىلەن ھەمنەپەسلىك رىشتىنى باغلىۋېلىپ، يۈرىكىمگە غايىبانە كۈيلەرنى تاراتقاندا، ئاشۇ نامەلۇم شەيئىنىڭ كۈيلەر ئىچىدە قەلبىم تامان سۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

## 5

ئايرىلىشنىڭ ئۇزاق ھىجران مۇساپىسىدە تۈن مونولوگلىرىنى داۋام ئېتىپ، جانانىمنىڭ ئوتلۇق تىنىقىنى يەنە بىر مەرتىۋە ئىستەش داۋامىدا، دوستلۇقتىن ھالقىغان بۇ سۆيگۈ ھالقىسىنىڭ قانداقلىقىنى سېزەلمىسەممۇ، قاغجىراق تاغ تىزمىلىرى بىلەن كۆپكۆك دەريا دولقۇنلىرىنىڭ ماگنىتتەك سۆيگۈسىگە تىمسال قىلىپ، جانانىمنىڭ ئىشچان قوللىرىدىن پۈتۈلگەن سوۋغىتىنى — چۆرىسى قىزىل يىپلار بىلەن كەشتىلەنگەن، ئاق شايى قولياغلىقىنى كۆزلىرىمگە سۈرتۈپ، ئۇنىڭ ئىسسىق تىنىقىنى قايتا ئەسلىدىم. تۈن ھىجرانلىرىنىڭ ئازاب شاۋقۇنلىرىدا سۆيگۈ مېنى تىنىمسىز ئۆزىگە تارتماقتا.

## 6

قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىغا تەشنا سەبىيلەر كۈيىدە ئىپادىلەنگەن دىل تەشنالىقى ئۆمۈر مەنزىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىشى تۇرغانلا گەپ. ھەر كۈن، ھەر سائەت تەشنالىقتا ئۆتۈۋاتقان چاڭقاق دىل — گۈزەل سىيمانى كۆرۈش ئىستىكىدە موھتاجلىق دەشتىدە ئىلگىرىلىمەكتە. قاچان بۇ مەنزىلىنىڭ ئاخىرلىشىشىنى

ئويلاشقىنىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، قۇياشنىڭ نۇر تالالىرىغا تەلمۈردۈم. تىنىمسىزلىق ئالمىشىشلار ئىلكىدە سەۋر - تاقەتنىڭ بەخىرامان تۇرغانلىقىنى كۆردۈم - دە، ئۆزۈمدىن خىجىللىق ئىلكىدە ۋاز كەچتىم.

## 7

ئەسلىگە قايتىش بىلەن كۆزلەرگە چېلىققان كائىنات ھەقىقىتى قەلبلەر ئېكرانىدا بۇرۇلۇش ھاسىل قىلالايدۇ. تەربىيە بىلەن باشلانغان روھىي ئوزۇق ئىنسان قەلبىنىڭ كۆزىنى ئېچىشقا لايىق. ئۆز ئەسلىنى يىلتىزى بىلەن تاپالىغانلار مەنىۋى يېتىلىشنىڭ ساپلىقىغا ئېرىشەلەيدۇ. ھەقىقەت بوسۇغىسىدا نىيەت - ئىخلاس تەربىيىسى ئارقىلىق نۇقسانلىرىمنى كۆيدۈرۈپ، شېئىرىيەت ئېتىزىغا چاچتىم.

## 8

ئۇنىڭ سېخىيلىق نۇرى يېغىپ تۇرغان جامالىنى سېغىنىپ كەلگىنىمدە، بىپەرۋا ھالدا گۈل سەيلىسى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. سەلكىن شاماللار ئۇنىڭ ھىدلىرىنى ماڭا يەتكۈزدى. قاناتلانغان ھېسسىياتىم بىلەن ئۇنىڭغا تەلمۈرگىنىمدە، ئۇنىڭ قىيا باققان كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ تۇرغانلىقىنى سېزىۋالدىم. كۆزلىرىدىن تامچىلاپ چۈشكەن كۆز ياشلىرى ئۇزاق مەنزىللىك تەشنالىقنىڭ ئەمدىلا باشلانغانلىقىنى بىلدۈرگەندەك، قات - قات تاغ - داۋانلارغا سىڭىپ كەتتى. ۋىسال مەنزىلى كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى-دە، ھاياجانلىق ياشلىرىم باغرىغا چۆكتى.

ئابدۇرەھىم نەۋرۇز

# سۆيگۈ دەپلا سالىمەن چۇقان



ئابدۇرەھىم نەۋرۇز 1971 - يىل 9- ئاينىڭ 30-
كۈنى ئاقتۇ ناھىيە تار تاجىك مىللىي يېزىسىدا دوختۇر
ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1988 - يىلىدىن 1990 - يىلىغى-
چە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا، 1990 - يى-
لىدىن 1994 - يىلىغىچە شاڭخەي شەرقىي جۇڭگو پېدا-
گوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رۇس تىلى فاكۇلتېتىدا ئو-
قۇغان. 1995 - يىل 6 - ئايدىن ھازىرغىچە قەشقەر
مەمۇرىي مەھكىمە تاشقى سودا - ئىقتىساد ھەمكارلىق
ئىدارىسىدە ئىشلىمەكتە.

ئابدۇرەھىم نەۋرۇز 1985 - يىل 1 - ئىيۇن «قى-
زىلسۇ گېزىتى»گە بېسىلغان «ئانا مېھرى» دېگەن نەسرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت
سېپىگە قەدەم قويغان. ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرنال-
لاردا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، 100 پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلى-
رى ئېلان قىلىنغان. بىر قىسىم شېئىرلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ «مىللىي
يازغۇچىلار» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. «جەزبىدار گۈلدەستىلەر 2» توپلىمىغا
ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

## شېئىرلار

### تۇنجى قەدەم

دەريا سۈيى ياسىغان دولقۇن،
مېھرى بىلەن سۆيەر ئانا يەر.

نۇر تەپتىدىن كۆز قىسار قۇملار،
ئىلھاملىرىم قاقار يۇمشاق پەر.

تاغ تەۋەللۇت قىلىدۇ شەپەق،
قىزىل قانغا بويىلار دەريا.
كۇچلۇك چاقماق چاقناشلىرىدەك،
چاقنايدۇ تاغ، چاقنايدۇ دۇنيا.

شەپەق تامان كېلىمەن مەغرۇر،
قىزىل نۇرغا بۆلىنىپ تۇگەل.
قىزىل نۇردا يۇيۇنۇپ غەيۇر،
تاغ پەرىسى كېلىدۇ گۈزەل.

گىرە سالار بوينۇمغا مەھكەم،
لەۋلىرىمدىن ئاقار قىزىل قان.
ياشلىقىمدا، بۇ تۇنجى قەدەم،
سۆيگۈ دەپلا سالىمەن چۇقان!

## خەير ساخا ساختا سۆيگۈلەر

قىلىشمىغان مۇھەببەتلىك قەسەملەر،
بىزدە بارى ئەندىشلىك ئىشىنىش.
گاھى يەنە تاتلىق - تاتلىق ئەلەملەر،
چۇشلىرىمدە ئۇچراتمىدىم سېنى ھېچ.

تىنىقىمىز بەختىمىزگە ئۇل سالغان،
كۆزىمىزدە ئۇيۇلۇش ھەم ھولۇقۇش.

تەلمۈرمىگەن قۈچىقىڭغا ھېچقاچان،
سەن دېمىدىڭ ئايرىلغاندا خەير - خوش.

يۈز ئۆرۈدى ئايتاپپەرەس شۇ سۆيگۈڭ،
دەردىم تۈگدى يېڭى - يېڭى ئەلەملەر.
قۇياش كۈلەر بۈگۈن - ئەتە ھەم ئۆگۈن،
تەكشى ئەمەس مۇھەببەتلىك قەدەملەر.

جادۇ بىلەن سۆيگۈمىزنى رەڭلىدىڭ،
قار دەپتىمەن ئاق كۆڭلۈڭنى ئاق بىلىپ.
قار ئاتقاندەك قارلىق دېسەم بىر چاغدا،
رەنجىتمىدىم كۆڭۈللەرنى ساق بىلىپ.

## چېكەي دېسەم

كۆز قىسىشقان يۇلتۇز — ئاق كېچە،
خانەڭ تامان قالدۇرىمەن ئىز.
سۆيگۈ دېدىم، قول سوزدۇم نەچچە،
چېكەي دېسەم دېرىزەڭ ئېگىز.

تەلمۈرىمەن سۇزۇلگۇچە تاڭ،
بالكۇنۇڭدا كۆرىمەن سېنى.
مەندە پەقەت سۆيگۈ دېگەن ئاڭ،
ئاھۇ كۆزۈڭ كۆرەمدۇ مېنى؟

بالكۇنۇڭدا بولىسەن نازىل،
ئۆلتۈرىدۇ كۈلكەڭ مىڭ قېتىم.

سەن پەرىزات، ياق! سەن ئەزرائىل،
نېمىشقا سەن ئاشۇنداق جېنىم!...

## ئەجەب ئىللىق سېنىڭ شۇ سۆزۈڭ

«سارالڭ، سارالڭ» ئەجەب ئىللىق سۆز،
قايسى ئىنسان دېگەنكىن باشتا.
ھەر نۆۋەتتە دېسەڭ قارا كۆز،
كۆيەر يۈرەك ئوتلۇق بىر ھېستا.

ئەجەب ئىللىق سېنىڭ شۇ سۆزۈڭ،
شۇ سۆزنىلا بىلەمسەنكىنتالڭ.
كۆزلىرىڭگە چۈشكەندە كۆزۈم،
تۇرالمايمەن، بولىمەن سارالڭ.

## ھۆركىرەر دەريا

زەرەپشان بويىدا تۇرىمەن تەنها،
ئايىغىم قۇملارغا باسقان ئىزىنى.
ئۇنچىلەر چاچرىتىپ ئاقىدۇ دەريا،
بىر ئەپلىك ئەللەيلەپ سۇبھى قىزىنى.

مەن ئۇندا قۇملاردىن ياسىسام قورغان،
شوخ شامال يۈزۈمگە سۆيۈپ قويىدۇ.
شادلىقىم قەلبىمدە ئاتقۇزسا ۋولقان،
تەڭكەش بوپ دولقۇنلار ئۇنچە سۇزىدۇ.

«قى - چۇ» لار ئىلكىدە كېلىدۇ دادام،
چوققىدىن تۆۋەنگە پادىلار ھەيدەپ.
تېشىلگەن چورۇقى، قولىدا قامچام،
قۇرۇغان لېۋىنى ھاراقتا نەمدەپ...
قۇر قورغان ياساشنى قىلىمەن داۋام،
ھۆركىرەر بۇ دەريا، يۇتۇۋالىمەن دەپ!

## ئايلاندىڭ سەن قەلبىمدىكى مەلەككە

چاچلىرىڭنى سىيپاپ ئۆتەر قوللىرىم،
كۆزلىرىمدە ياشقا تولغان كۆزلىرىڭ.
ئايرىلمايمىز، ئايرىماقچى بولغان كىم؟
قۇلىقىمدا تېخى تاتلىق سۆزلىرىڭ.

شاماللاردا سۇرگۇن بولدى ئەقىدە،
زىناقلارنى قايرىپ قويدى غەملىرىم.
ۋەدىلەرنى تاشلاپ قويدۇڭ قەيەرگە؟
قېنى يۈرەك، قېنى خۇشال دەملىرىم.

سۆيۈپ قويدۇڭ، سۆيگۈ بەردىڭ ئەلەمدە،
ئاق كەپتەردەك، ناخشاڭ بىلەن ئايرىلدۇق.
قاناتلاندىڭ، پەرى بولدۇڭ پەلەككە،
تاشلاپ قويۇپ يۈرىكىمنى قۇپقۇرۇق.

چاچلىرىڭنى سۆيۈپ ئۆتەر ياشلىرىم،
سۆيگۈ تاشلاپ ئۇچۇپ كەتتىڭ پەلەككە.
سۆيگۈ بەردىڭ، غالىب كەلدى ياشلىقىم،
ئايلاندىڭ سەن قەلبىمدىكى مەلەككە.

## بوشلۇق قەسىدىسى

سۇس نۇرلار ئىلكىدە تەۋرىنەر ئالەم،
خىياللار تاماكا ئىسىدەك ئۈزۈك.
ئۈمىدسىز دۈپۈلدەر يۈرىكىم، لالەم،
سېنىڭدەك بىر ھەمراھ تاپالماي تۈزۈك.

يېنىمدىن ئىزدەيمەن خۇشاللىق، كۈلكە،
ئالغىنىم ئالىيىش، سىقىپ چىقىرىش.
دوستلىرىم كەينىمدە ھىيلىگەر تۈلكە،
ئازابلىق سوئاللار بېرىش ھەم كېلىش.

گۈزەلدۇر بۇ بوشلۇق ھەمراھىم مېنىڭ،
باخاشلاپ سۆيىدۇ، بېرىدۇ ئارام.
ئاھىمغا قوشۇلۇپ ئۇھ تارتىدۇ مىڭ،
كۈلكەمدە كۈلكىسى ئېرىيمەن تامام.

كەڭرىلىك بېرىدۇ بۇ چەكسىز بوشلۇق،
قارىماي كەتسەڭمۇ كېتىۋەرگىن يار.
ئالىمەن ئۇنىڭدىن ھالىمغا توشلۇق،
كەڭرىلىك، ئەركىنلىك... ھەمراھلىرىم بار.

## توڭۇپ كەتسەڭ ناۋادا جېنىم

توڭۇپ كەتسەم مەيلىلا جېنىم،
چاپىنىمنى يېپىنچاقلىۋال.

پاك سۆيگۈڭدىن ئىللىيدۇ تېنىم،
يۈرىكىمنى سەن قىلدىڭ ئىشغال.

ئاناڭدىن بەك قورقمىغىن قوزام،
چاپىنىمنى ئېلىپ كىرىپ كەت.
بىر چاغلاردا ئاناڭمۇ، ئۇقسام،
كىيىۋېلىپ ئاتاڭنىڭكىنى،
قالدۇرغانكەن سۆيگۈ - مۇھەببەت.

توڭلاپ كەتسەڭ ناۋادا، مەھبۇب،
چاپىنىمنى كىيىۋېلىپ كەت.
يۈرىكىڭنى تۇمار قىلىپ پۇتۇپ،
ياتىقىمغا تاشلاپ قويغىن خەت.
يوشۇرۇنچە يۈيۈپ قويمىغىن،
تاماكا ئىسى پۇرايدىكەن دەپ...

## مەن خوشلىشىشقا ئۆچ

خەيرلەشمەي كەتسەم قېشىڭدىن،
ئاغرىنغانسەن، بولغانسەن تىت - تىت.
بىلسەڭ جىگەر، دۇنيا بەكلا تار،
ئۇچرىشىپ قالارمىز بەلكىم تاسادىپ.
شۇ ۋاقىت، شۇ دەقىق ماڭا دەل باھار،
باخاشلاپ كۆرۈشۈش بولارمۇ نېسىپ؟!

چۈنكى مەن خوشلىشىشقا ئۆچ،
خوشلىشىپ نېمىمۇ قىلارمىز جېنىم.
گەر خوشلىشىپ كەتسەم يىراققا،

كۆرۈشەلمسەك، ناۋادا كېيىن،
ساقلىنارمۇ سەندىكى ئۈمىد؟!

## تىلەكلەر كۆچمىسى

يامغۇرلۇق كۈنلەر كۆپ، يامغۇرۇم سىم-سىم،
يامغۇرلۇق كۈنلەردە ھەمراھىم ئۆزۈك.
سۆيىدۇ چاچلارنى تاپماستىن تىنىم،
يامغۇرلار شىلدىرى ئالتۇن رەڭ سۆزۈك.

يامغۇرلۇق كېچىلەر قولۇڭ قولۇمدا،
قىيمايمەن ساڭىلا — بىر ئۆمۈر لالەم.
قىزغىنىش، يات كۆلكە ئوڭۇ - سولۇمدا،
قۇت بېرەر پەقەتلا يامغۇرلۇق ئالەم.

يامغۇرلۇق كېچىلەر، يامغۇردەك خىيال،
قوشۇلغان تىنىقلار، يۇمران بىلەكلەر.
يىگىرمە يېشىمدا بەك گۈزەل ئىقبال،
لەۋلەردىن لەۋلەرگە كۆچەر تىلەكلەر...

## ئاي نۇرى

روھىڭ نەپىس مەنزىرە، خالاس،
ئاي نۇرىدەك سېھىرلەرگە باي.
ئۇندا سۆيگۈ، غالىب تەشۋىشلەر،
توققۇزۇڭ تەل بولسىمۇ، جىگەر،
بەختلىك دەپ سانالماس ھېچكىم،
ساختا سۆيگۈ ئاڭا ئارىلاش.

لاۋا ئاتقان فونتانلارغا باق،
ھەممىسىدە ئاينىڭ شولىسى،
كۆزلىرىدە تارام - تارام ياش...

## كەلگۈسىگە چاقىرىش

تۇرخۇنلاردا ئۆمۈچۈك تورى،
ئازاب بىلەن ئىچىدۇ تۈتۈن.
تۈتەكلەردىن يازىمەن شۇنى:
كەلگۈسىگە ئىشەنگىن پۈتۈن!

ئۈزۈملىرىم سىغىنار باھار،
گۈللىرىمگە سىلىنغان كىشەن.
قوۋزاقلاردا پۈتۈكلىرىم بار:
كەلگۈسىگە ئىشەنگىن، ئىشەن!

بىزدە قالدى بۇ سىيىسىق تەنلەر،
ئۆلدى ياشلىق، تۈگىدى ھەممە.
تۇمانلارنى بۆسسە كىرپىكلەر،
قارىچۇقلاردا يورۇيدۇ ئەتە.

بىكار كەلمەس كۆزلەرگە قان ياش،
بەختلەرگە تاقالغان ئىشىك.
كەتسۇن نىرى دەردلىك تىڭىرقاش،
بىزدە يەنە ئۈمۈرتقىلار تىك.

ئىشىنىمەن پارلاق ئەتەم بار،
نەزەر بىرەر ھەربىر ئادەمگە.

نائۇمدكە مېنىڭ پەتەم بار،
گۈزەل ھايات ئۇشبۇ ئالەمدە.

## قار گۈلى

ئازادە، ئەركىنلىك ئاڭا مۇجەسسەم،
بەئەينى رەققاسنىڭ ئۆزىدۇر ئۆزى.
خىرامان ئۇچىدۇ بوشلۇقلاردا ھەم،
خالىغان جايلارغا چۈشەر لەپىلدەپ.

ئىمتاس ۋە قاغجىراق جىلغا تاغلارغا،
دەردىنى تۆكىدۇ، تۆكەر بىمالال.
خۇش ھىدى باغلانغان گۈزەل باغلارغا،
مەنزىلى ئانا يەر، مەنزىلگاھى بار.

بىر دەستە قار گۈلى بولسام ناۋادا،
پاياندار سالاتتىم ئېتەكلىرىڭگە.
ياقاتتىم يۈرەككە يۈرەكلىرىمنى،
چاقنايتتى ئانا يەر چېچەكلىرىمدە.

## تۈنجى رەت مەن ئۇچۇن ياش تۆككەن قىزچاق

يۈرەكتىن يۈرەككە ئېرىقلار ياساپ،
كىرپىكىڭ شەبنەملەر قىلدى مەھلىيا.
يۈرىكىم بەردىمەن، بەردىم ھەممىنى،
كەپتەردەك پەر تاشلاپ كەتتىڭ ئەجەبا.

سوغۇقتىن تىترىدى قولياغلىقىڭ ھەم،
ئەۋرىشىم چاچلىرىڭ ئوينار قولۇمدا.
بېرىدۇ دېكابىر خۇش پۇراق سېزىم،
ئازابلار ياش بولۇپ ئوڭۇ - سولۇمدا.

سەن بەلكىم قارىغاي ھىدىدىن كۈلدۈڭ،
ئايرىلىش تەقدىرىنىڭ تارتۇقى بىر ۋاق.
ئايلاندىڭ ئازابقا، بوپقالدىڭ ئەبەد،
تۈنجى رەت مەن ئۈچۈن ياش تۆككەن قىزچاق.

## ئارمان سىمفونىيىسى

يول بەردىم ھەممىگە، ئورنۇمنى بەردىم،
ئالمىدىم بىر تامچە تەشەككۈر، تامام.
تىكەنلىك باغلارغا گۈللەرنى تەردىم،
نە غۇنچە كۆرمىدىم، نە ياپراق ئامان.

بىر تەنها كۈلمىدىم، يالغۇز ياش تۆكتۈم،
خۇشاللىق ئىزدىسەم ئازاب بىر قۇچاق.
سوئاللار ئىلكىدە ئۇزاق يول يۈردۈم،
ياش تۆرۈپ چاچلارغا سانجىلدىغۇ ئاق.

ساداقەت كۆرمىدىم مېھرىمگە گۈلۈم،
ھەر جايدا خىيانەت، خىيانەت قاينار.
بۈرنۇمغا پۇرايدۇ ھەر دەقىق ئۆلۈم،
ئازابلىق كۆزلىرىمدىن قان — يىرىڭ ئاقار.

يول بەردىم، قول بەردىم، ئورنۇممۇ گۇمران،
ماڭا خاس قالغىنى بۇ سېسىق تېنىم.
يېپيېڭى، ھۆكۈمران ۋە بەلكى يۇمران،
قان تەلەپ قىلىدۇ قانلىرىم - قېنىم.

## بۈركۈت نەي

سېنىڭدە مۇز تاغنىڭ ھەيۋەتلىرى بار،
ۋە بەلكى پامىرنىڭ يارقىن سېيماسى.
سېنىڭدە تارىخنىڭ شەۋكەتلىرى بار،
قوينۇڭدا مۇھەببەت - نەپرەت نىداسى.

سېنىڭدە بۈركۈتنىڭ ھىدى — پۇرىقى،
لەيلىنىڭ ئاقلىقى تولۇق مۇجەسسەم.
سېنىڭدە تاجىكنىڭ شادلىق بۇلىقى،
ھاياتقا ئۆزگىچە كىرگۈزسەن تەم.

ئاجايىپ سېھىرلىك ئاۋازلىرىڭ بار،
سەھەرنىڭ قۇياشى دېسەم ئەقەللى.
سېنىڭسىز بىچارە بولۇپ قالار تار،
كۈيۈڭ بىر ئىلاھكى تاپار تەسەللى.

سېنىڭسىز توي - نەغمە قىزىمايدۇ ھېچ،
فەلەك[1] لەر ئەۋجىگە چىقماس ھەرقاچان.
دائىما سەن بىلەن ياشىرىدۇ ئىچ،
زەردابمۇ ئايلىنار قانغا شۇ زامان.

① فەلەك — تاجىكچە مۇقام.

تاجىكنىڭ كۆكىدە ئۆچمەيدۇ نامىڭ،
لەرزان كۈي، نەپىسلىك ساڭا مەڭگۈلۈك.
ئۇدۇمى تارالغان ھەتتا روداك[1]نىڭ،
تارىتار ئالەمچە يۈكسەك ئىزگۈلۈك.

## پاكلىق قەسىدىسى

بەزىلەر پاكلىقنى ئاقلىق ئاتاشتى،
ۋە بەلكى يۈكسەكرەك ساقلىق ئاتاشتى.
روھىڭنى كىر قىلما، قەدىملەرمۇ ھەم،
«پاك تەندە ساپ ئەقىل» ئاتلىق ئاتاشتى.

پاكلىق ئۇ سەندىكى نەۋقىران ياشلىق،
پاكلىق ئۇ تەندىكى خىرامان، شاشلىق.
قولۇڭنى كىر قىلما، يۈرسەڭ ئەكسىچە،
ھاياتىڭ يولىنى باسىدۇ تاشلىق.

پاكلىق ئۇ خەلقىنىڭ ئاۋازى، ئۈنى،
پاكلىقتا چاقنايدۇ ئۈمىد تۈركۈمى.
كۆزۈڭنى ئاچ قىلما، ناپاكلىق دېگەن،
ھاياتىڭ يەكۈنى — زىمىستان كۈنى.

پاكلىق ئۇ نەۋباھار — نۇرلۇق تەبىئەت،
پاكلىق ئۇ ئەقىدە، ئۇندا ھەقىقەت.
مۇھەببەت جامىدا مەيلەرنى ئىچسەڭ،
شۇندىلا مۇناسىپ چاكارلىق ئەبەد.

---

[1] روداكىنى كۆرسىتىدۇ.

پاكلىق ئۇ بىر تارىخ، پاكلىق ئۇ چىنلىق،
پاكلىق ئۇ ئادالەت، ياپيېشىل چىملىق.
پاكلىنىش لازىمدۇر روھىيىتىمىزدىن،
ئەل كۆزى تارازا كەتمەيدۇ كىملىك.

## موھتاجلىق

خۇشۇم كەتتى ئۆزۈمدىن ئۆزۈم،
ھالسىرىتىپ قويدى ئەسلەشلەر.
ئاشىقلىقنىڭ دەردىدە، ئويۇم،
بىر سەن ئۇچۇن تۇغۇلغاندەك ...
نابۇت قىلار تاتلىق ئەسنەشلەر.
لېكىن،
يۈرىكىمدە ئاچچىق بىر سېزىم،
سەن ئۇ شەھەردە، مەن بۇ شەھەردە،
موھتاجلىق ئىلكىدە تەۋرىنەر ئالەم.

شەھەرلەردىن قوش يۈرەك ياساپ،
ئېسىپ قويغۇم كېلىدۇ جېنىم.
سېنى يۆتكەپ ئېلىپ ماڭغان،
قاتار - قاتار ماشىنىلارغا.
تېلېفونلاردىن كېلەر بېشارەت،
قوشۇلغاندەك يۈرەكلىرىمىز.
سوئاللارنىڭ شېرىنلىكىدە،
مەڭدەپ قالار تاغدەك جاسارەت.
ئەسلىمىلەر ئىچىدە بىر كۈن،
غايىب بولۇر ئىنتىلىشلىرىمىز،
باسار ھەتتا يالىڭاچ - ئاچلىق.

بۆسۇپ ئۆتسەڭ سېھىرلەردىن،
قۇياش قۇچاقلاپ كېلەمسەن جېنىم.
چۈشكۈن روھنى قىلىمىز قەتىل،
تۇرگۇن ئاتتەك چاپىدۇ قېنىم.
بەخت - ئىقبال ھارپىسى بۈگۈن،
يۈرەك يۈرەكنى تونۇيدۇ تەھقىق،
يېشىلمىگەن سىرلىق بىر تۈگۈن،
يېشىلىدۇ ئوتلۇق لەۋلەردىن،
يۈرىكىمىز جۈپلەشكەن دەقىق.
سەن ئۇ شەھەردە، مەن بۇ شەھەردە،
بىتاب قىلدى بىزنى موھتاجلىق.

## ئىككى غەزەل

### 1

گۈلۈم، سېنى سۆيمەكنى بىكار ئەتتىڭ ئىشقىلىپ،
چاقناپ تۇرغان يۈرەكنى بىكار ئەتتىڭ ئىشقىلىپ.

گۇناھىمنى بىلمىدىم، سۆيۈش ئۆزى گۇناھمۇ،
بۇ دۇنيادا بىر مېنى خار - زار ئەتتىڭ ئىشقىلىپ.

مۇھەببەتلىك يوللارغا تىكەن تاشلاپ، ئوت تاشلاپ،
مىڭ بىر پاتمان دەرد - ئازاب قاتار ئەتتىڭ ئىشقىلىپ.

ھالىم ساڭا بەك ئايان، يۈردۈڭ يەنە پەرۋاسىز،
خىرامان ۋە شاشلىقنى دوست - يار ئەتتىڭ ئىشقىلىپ.

كۆيدۈرۈپ كۈل قىلغۇچە ئۇچقۇنلاتقىن سۆيگۈڭنى،
كاۋاپ بولغان يۈرەككە مادار ئەتتىڭ ئىشقىلىپ.

ماڭا ئەمدى نە ئامال، قايتاي دېسەم گۈلجامال،
كۆزلىرىڭنى كۆزۈمگە دۇچار ئەتتىڭ ئىشقىلىپ.

ماڭا تالىق ئۇ يۈرەك، بىلدىم گۈلۈم كۆزۈڭدىن،
ئىنكارلارنى بىر يولى تارمار ئەتتىڭ ئىشقىلىپ.

**2**

كۆزلىرىمنى قان ئېتىپ، ياشلاپ يۈرسەڭ مەيلىغۇ،
شوخ كېيىكتەك پەرۋاسىز تاقلاپ يۈرسەڭ مەيلىغۇ.

ساداقەتمەن يۈرىكىم سەرسان بولۇپ يۈرمەكتە،
تەنها ئۆتۈپ بىر ئۆمۈر ياشناپ يۈرسەڭ مەيلىغۇ.

تەلمۈرگەنتىم يولۇڭغا، تەلمۈرىمەن هازىرمۇ،
چۈشلىرىمگە ئۆزۈڭنى باشلاپ يۈرسەڭ مەيلىغۇ.

بىلىپ يۈرۈپ ئىچىمنى، ئازاب بېرىپ، دەرد بېرىپ،
قەلب يارامنى قايتىدىن قاشلاپ يۈرسەڭ مەيلىغۇ.

سېنى دەپلا هەمىشە هىيلە - مىكىر ئىشلەتسەم،
دوستلىرىڭغا مېنى هەم داداپ يۈرسەڭ مەيلىغۇ.

نەتىجىسىز ئىش بولماس، نەتىجىمىز بولىدۇ،
سۆيۈش ئۇچۇن ئىنتىلسەم چاچراپ يۈرسەڭ مەيلىغۇ.

يۈرەك تۇرماق ھەممىنى ساڭا بەردىم گۈلجامال،
جۈپ كۆزۈڭنى بىر ماڭا تاشلاپ يۈرسەڭ مەيلىغۇ.

## سەن يىگىرمىنچى ئۆكتەبىر

سۈركەلگەن تۇيغۇلار چاپچىيدۇ يالقىن،
سەن بىھوش، سەن بىھوش، ئىككىمىز بىھوش.
يۇلتۇزلار كۈلىدۇ، سۇنىدۇ سالقىن،
تۇنجى رەت بەرگىنىڭ مۇمكىنسىز بىر چۈش.
ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ يىگىرمىسى سەن،
لېۋىمگە تەم بەردىڭ لەۋلىرىڭ بىلەن.

ئېرىقسىز يۈرەككە سۇ بەرگەن ئۆزۈڭ،
كۈلىسەن بىر تاتلىق چىقىرىپ قىلىق.
چاچلىرىڭ قولۇمدا، كۆزۈمدە كۆزۈڭ،
ھارارەت بەردىڭسەن، بەردىڭ ئىللىقلىق.
ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ يىگىرمىسى سەن،
شارابلار بەرگىدە چاقنىغان لەۋەن.

بەرگىنىڭ يۈرەككە ئاجايىپ رىتىم،
نەپەسلەر ئوت ئالغان، شاشلانغان قانلار.
ئاپئاق قار، ئاپئاق بوپ چۈشەر بىتىنىم،
نۇر ئاقار كۆزلەردىن سۆيۈنگەن جانلار.
ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ يىگىرمىسى سەن،
قۇت بەردىڭ يۈرەككە سۆيگۈڭ بىلەن تەڭ.

ئوماقسەن، بىر ئۆزۈڭ ئاجايىپ ئوماق،
يۈرىكىم بېغىدا تويۇنغان بەرنا.

ئىزىمىز قارلاردا، قارلاردەك يۇمشاق،
قىشتىمۇ باھارسەن، باھاردا ئەسلا.
ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ يىگىرمىسى سەن،
ئوت بەردىڭ، ھە شۇدۇر مۇھەببەت دېگەن.

## ئەتىگەنلىك يۆتەل ئاۋازى

تۇتەكلەردە تەنھا ئۈزەر تىمتاسلىق،
گۇناھلاردا يۇيۇنماقتا تۇيغۇلار.
دېرىزىلەر يىغلاپ كېلەر سەھەردە،
گۇگۇملاردىن چىللاش كەلسە، ئېھ چىللاش.
بىتاب بولۇپ قالار ئىدى ئۇيقۇلار،
ئەي زىمىستان بەرسەڭ ئىدىڭ بىر تىللاش.
چۇشەر ئىدى مۇزلاپ قالغان يۆتەللەر!
يىغلاپ كېلەر قان رەڭگىدە ئاپئاق قار،
قەدىملىكنى يوقاتقان بۇ شەھەردە.
ئۆلۈم پۇراپ تۇرار ئەنە ۋەھشىي يۇرت،
ئالدىمىزدا يېڭى - يېڭى ئۆتەڭلەر.
قارلار ئارا يۇرەر ئاقلىق، ناپاكلىق،
بورانلاردا ئۇچۇپ يۇرەر مەسۇم ئىز.
ئەي زىمىستان بەرسەڭ ئىدىڭ بىر تىللاش.
بەرسەڭ ئىدىڭ كىچىككىنە بۇرۇلۇش،
سەھەردىكى كۇچلۇك - كۇچلۇك يۆتەللەر،
چىللار ئىدى ھاياتلىق ھەم نۇرلىنىش!

## نەملەشمىسۇن كىرپىكلىرىڭ

يىغلاپسەنغۇ «تاش ئالما» دېسەم،
كۆزلىرىڭدىن ئۇچۇپتۇ كۇلكە.

تاپالمىدىم سۆيگۈ ئىزدىسەم،
چىرايىڭدىن غەملەرگە ئۈلگە.

مەڭگۈ ئاتاي سېنى تاش ئالما،
جانان بۇڭا بولمىغىن ھەيران.
تاش ئالمىنى قاتتىق دەپ قالما،
تىل قورۇيدۇ تاتلىقى ھەرئان.

ئازابلىما ئۆزۈڭنى جانان،
نەملەشتۈرمە كىرپىكلىرىڭنى.
سۆيگۈم ساڭا مۇقەددەس ھامان،
نامايان قىل تىرىكلىكىڭنى.

## بىر ئىلىك خەت، قىز ۋە باھار

تەبەسسۇم، نۇر ياغار زىناقلىرىڭدىن،
يېتىرقاش، يات كۆرۈش يەنە شۇ پېتى.
نەدىسەن ئەي قىزچاق دېمىدىم تېخى،
ئۆتۈشكە ئۇرۇندۇم سىناقلىرىڭدىن.
بىر ئىلىك خېتىڭگە قىلدىڭ ئىنتىزار،
يىراق بىر شەھەردە كۈتۈۋالدىڭ باھار.

سۆيگۈدىن يۇرىكىڭ جىم تۇرسا مەيلى،
بىلىمەن، سەندە بار يېڭىچە سېزىم.
چاڭ باستى سەن ئۈچۈن باسقان ھەر ئىزىم،
سۇنسامىمۇ يۇرەكتىن ئەتىرگۈل لەيلى.
بىر ئىلىك سالام خەت يازمىدىڭ زىنھار،
يىراق بىر شەھەردە كۈتۈۋالدىڭ باھار.

سورىدىم قۇياشتىن، سورىدىم ئايدىن،
هەر سەھەر، هەر كېچە پەقەتلا سېنى.
سېغىنىش دەردلىرى قىيىنسا مېنى،
ئەكەلدىم ئۆزۈمنى بەزىدە سايدىن.
بىر ئىلىك سالام خەت يازمىدىڭ نىگار،
يىراق بىر شەھەردە كۈتۈۋالدىڭ باھار.

خەيرلىك ئاخشامدا، خەيرلىك تاڭدا،
سەن ئۈچۈن باش قويدۇم، تىلىدىم ئاقلىق.
بىراق بىر شەھەردە تۆكۈلەر پاكلىق،
تۆكۈلەر سۆيگۈلەر يېڭى ئاھاڭدا.
بىر ئىلىك خېتىڭگە قىلماي ئېتىبار،
يىراق بىر شەھەردە كۈتۈۋالدىڭ باھار.

مەسخىرەڭ سۆيۈملۈك، سۆيۈملۈك هامان،
قامىتىڭ ئالدىمدا يارقىن مەنزىرە.
سۆيۈلۈش، سۆيۈلمەك ئالدىڭدا ئەنە،
مەيلى سەن نەدە بول، بولغايسەن ئامان.
بىر ئىلىك خېتىڭگە چاچمىغىن ئىپار،
يىراق بىر شەھەردە كۈتۈۋالدىڭ باھار.

## ئاھ سېنىڭ پىچىر - پىچىر سۆزلىرىڭ

پىچىرلىرىڭ گۈزەل تېپىشماق،
ئۇندا سۆيگۈڭ قىلار شېرىن ناز.
پىچىرلىرىڭ ئالتۇن قوڭغۇراق،
سۆيگۈ تۆكەر خۇش پىچىم ئاۋاز.

پىچىرلىرىڭ كەكلىكنىڭ ئۇنى،
باھارلاردىن تۇتىدۇ قەدەھ.
پىچىرلاشقان يامغۇرلۇق كۇنى،
بەخت بىزگە كۇلىدۇ قەھ - قەھ.

پىچىرلىرىڭ ئىللىق مۇزىكا،
كۆي بېرىدۇ ئوتلۇق كۆزلەرگە.
ئىككىمىزگە قالغاندەك دۇنيا،
پىچىر - پىچىر ئاشۇ سۆزلەردە.

شېئىر دەيمۇ پىچىرلىرىڭنى،
سۆيگۇ بەرگەن سۆيۇملۇك كېچە؟
پىچىرلاشقان كېچىلىرىڭنى،
دەيمەن: بەرگىن، بەر ئاداققىچە.

## قۇربانەم ئاخۇنباي

# رىتىمدىن ئاجرىغان يۈرەك



قۇربانەم ئاخۇنباي 1973 - يىل 10 - ئايدا تاشقورغان ناھىيە ۋاچا يېزىسىدا بىر زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ھەر دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا 80 پارچىغا يېقىن شېئىرى ئېلان قىلىنغان. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «مۇزتاغ سۆيگۈسى» ناملىق كوللېكتىپ توپلامغا بىرقىسىم شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. قۇربانەم ئاخۇنباي شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## شېئىرلار

### دېڭىز چۈشى

كۆيۈپ كەتكەن ئۇپۇق سىزىقى،
ئاتەش رەڭگە تېۋىنغان ئاسمان.
قىرغاقلارغا يېقىپ باغرىنى،
چەكسىزلىككە سوزۇلار تۇمان.

تېپىرلايدۇ دېڭىز كۆكسىدە،
ھالسىرىغان يېگانە چايكا.
ئىز قالدۇرار ئاداققى ئۈمىد،
قانات يۈتكەن دولقۇنلار ئارا.

ئۈپۈق بىلەن تۇتاش چىغىر يول،
ئېلىپ كېلەر گۈگۈم پەيتىنى.
سوۋۇپ قالغان مېھىرسىز ئۈۋا،
كۈتەر يەنە مۈڭلۈق ئەتىنى.

## رىتىمىدىن ئاجرىغان يۈرەك

چۈش كۆرىدۇ بۇلاقتىكى ئاي،
كائىناتتا كۈمۈش كۆلەڭگە.
ئېقىپ كەتكەن يۇلتۇز ئەكسىدىن،
سىرغىپ چۈشەر يېگانە قەترە.

خىلۋەتلەردە ھالسىز بىر ناخشا،
قاقشال شاخقا قالغان ئىلىنىپ.
ئۈزۈك - ئۈزۈك تىنىقلار ئارا،
ھىجران دەردى تۇرار بىلىنىپ.

نىگاھلاردىن يوقالغان ۋىسال،
كەچمىشلەرگە بولالماس تېرەك.
ئىزدەپ يۈرەر ھارارىتىنى،
رىتىمىدىن ئاجرىغان يۈرەك.

## ھارغىن سەھەر

مەجرۇھ بولۇپ قالغاندەك دۇنيا،
ئېغىر - ئېغىر ئالىدۇ تىنىق.
چۈشەكەيدۇ كۆلەڭگىسىنى،
ئوربىتىغا سوزۇلغان يېرىق.

ئۇيقۇسىراپ ياتار بىماجال،
ئۆتمۈش بولۇپ ئۇنتۇلغان كەپە.
توپا سىڭگەن خارامۇش چىراي،
ئەرۋاھسىمان كۆرۈنەر يەنە.

تومۇردىكى قاتقان قان مىسال،
بوشلۇقلاردا جۇلاسىز شەرەر.
باشلىنىدۇ بۇ يەردە شۇنداق،
مەۋجۇداتقا بىر يېڭى سەھەر.

## ئۇششۇك تەگكەن تىلەكلەر

كەچكۈزدەك تىۋىشى دىلغا ھۆكۈمران،
پۈرىماس دىماغقا باھار ھىدلىرى.
تۇيۇلار شۇنچە سوغ يېقىملىق سەلكىن،
خارامۇش چىرايدا قايغۇ ئىزلىرى.

قان رەڭدە كۆرۈنەر سۆيۈملۈك شەپەق،
يارىلانغان يۈرەكتىن ئوقچۇپ سىرغىغان.
تەبىئەت ھۆسنىدە مەخمەل جىلۋىسى،
تورلاشقان كۆزلەردە يېشىل رەڭ تۇمان.

ياپراقلار شىلدىرى ئازابلىق بىر كۈي،
رىتىملىق تىۋىشلار كىرمەس قۇلاققا.
مەگزىدە پارلىغان ياقۇت رەڭ شەبنەم،
ئوخشايدۇ خىلۋەتتە ئاققان بۇلاققا.

كەچكۈزنىڭ تىنۇشى دىلغا ھۆكۈمران،
نۇرلانغان ئىستەكلەر ئۆچمەكتە ئاستا.
ھاياتلىق تۈيۈلار شۇ قەدەر تەمسىز،
ئۈزىغان كەچمىشلەر ئەسلەنسە قايتا.

## باياۋان

ئۇپۇقنىڭ قارىچۇقىدىن سىرغىغان نۇر،
موماننىڭ چۆچىكىدەك شۇنچە يارقىن.
يىراقتا، يىراقلاردا مۇڭلۇق بىر كۈي،
بۇلاقنىڭ لەۋلىرىدىن ئاققانمىكىن.

شايىدىن رومال ئارتىپ كېلەر موماي،
بوۋامنىڭ ھاسىسىمۇ قولىدا بار.
تاغلاردىن ئىزدەمدىكىن بوۋامنى ئۇ،
سىرىنى چوققىلارغا قىلىپ ئىزھار.

تالاي رەت تەكرارلىنار شۇ بىرلا ھال،
بۇ يەرنىڭ چۈشلىرىدە كەچمىشىمان.
ئىزىنى يۈتتۈۋاپتۇ قەدەملەرنىڭ،
كەڭلىكلەر ھۆكۈمرانى چەكسىز بارخان.

## ئانا

بەختكە تۇتاشقان سانسىز چىغىر يول،
ماڭلىيىڭ ئەكسىدە بولىدۇ ئايان.
كۈمۈش رەڭ چاچلاردا ئۈتۈقلىرىم بار،
كۆكلەردە قانىتىم سەندىكى ئارمان.

سۆيگۈ بوپ ئالەمگە تۆكىدۇ جۇلا،
تومۇرۇڭ قېنىدا ئۆركەشلىگەن قان.
مېھرىنى، مېھرىگە تۇتاش ئەيلىگەن،
باغرىڭدۇر ئىللىقلىق يىغىلغان ماكان.

بىر ئاددىي ئىنسان سەن ھەم شۇنداق ئۇلۇغ،
ئاق سۇتۇڭ ئالەمچە پاكلىقا ئەنداز.
ساداقەت تەختىدە شاھدۇرسەن يەنە،
ھاياتلىق جېڭىدە تەنھا سەرەنداز[1].

## ئۆكۈنۈش

ئورمانىنىڭ لەۋلىرىدە يېشىل بىر كۆي،
نوتا بوپ چېكىلىدۇ قۇش پېيىگە.
تۆكىلەر دەريا شۇندا زېمىن تامان،
تار ئۇرسا سەلكىن ئاتا يېنىككىنە.

بۇلۇتتىن ھالقىپ كەتكەن سېھىرلىك كۆي،
مۇزسىمان يۈرەكلەردە قېتىپ قالغان.
ئالىقاندىن ئۇچۇپ كەتكەن بەخت ئۇچۇن،
ئاڭلىنار جانسىز نالە ئاران - ئاران.

يۈرەكتىن يۈرەكلەرگە كۆچمەس ئۇچقۇن،
ھارارەت ئەبەدىيلىك ئۆتمۇش ئاتا.
شۇمىكىن پۇشايمىنى مۇھەببەتنىڭ،
تېڭىرقاپ مېڭىپ قالغان ئازغۇن يولدا.

---

① قوماندان.

## ئەمدى بىز ناتونۇش، ناتونۇش پەقەت

ئايرىلدۇق ئۈن - تىنسىز، يۈرەكلەردە ئوت،
قېيىداش ھەم قىيماسلىق نىگاھلاردا بار.
كۆزلەردىن ئاقار ياش خىلۋەتلەردە ھەم،
بىزدىكى مەغرۇرلۇق ئازابلارغا يار.

ھەر يىلدا قۇتلايمەن سېنى تىۋشسىز،
قولۇمدىن ئۇچقان بەخت بولسۇن دەپ نېسىپ.
ئۆكۈنۈپ بارمايمەن ئالدىڭغا ھەرگىز،
قەلبىمدە گەر قىيان كەتسىمۇ تېشىپ.

يىللارغا جور بولۇپ ماڭغان ياشلىقنىڭ،
قىينايدۇ دىللارنى تەلۋىلىكى ھەم.
بىرىمىز ھاكاۋۇر، بىرىمىز تەنتەك،
شۇڭلاشقا مۇھەببەت بىز ئۈچۈن ماتەم.

قۇتلۇقلاي بۈگۈنمۇ يېڭى يىلىڭنى،
ئۆرتەنگەن ھېسلاردا ئاخىرقى بىر رەت.
بۇ مېنىڭ ئاداققى قۇتلۇقۇم بولسۇن،
ئەمدى بىز ناتونۇش، ناتونۇش پەقەت.

## جىلۋىسىگە كۆز تەگكەن جامال

رەڭلەر بىلەن بويالغان دۇنيا،
كۆپۈكسىمان چۈشلەرگە ئەسرار.

قۇشلار ئۇنى يىتكەن ئورماندا،
ئېڭراشلار ئاڭلىنار تەكرار.

مەجنۇن كۇيىدە تولغىنىپ هايات،
ئاختۇرىدۇ تۇنلەردىن قاياش.
ئۇيناپ تۇرغان كۆزلەرمۇ ئويچان،
كىرپىكلەردە قېتىپ قالغان ياش.

يات بىر تىلدا ئېيتىدۇ ناخشا،
كەڭلىكلەرنىڭ ئەركىسى شامال.
تۇيغۇلاردا كۆرۇنەر نۇردەك،
جىلۋىسىگە كۆز تەگكەن جامال.

## يارىلانغان بۇركۇت

رامكىلانغان بۇركۇت خىيالى،
چوققىدىكى مىسكىن ئۇۋىدا.
پەرلىرىدە جانسىز نالە بار،
نابۇت بولغاچ ياۋنىڭ ئوقىدا.

بۇلۇت هالقىپ نۇرلانغان ئىستەك،
چۇشلىرىگە ئايلاندى ئۇنسىز.
ئاتەش رەڭدە چاقنىغان جۇپ كۆز،
شۇنچە خىرە شۇ قەدەر نۇرسىز.

باچكىسىنى كۇتەر ئۇ يەنە،
قان سىرغىغان يۇرەكنى بەزلەر.

ئاھ ۋاپاسىز، ئانىسىنى دەپ،
ئۇ يۇرىدۇ قەبرىنى ئىزدەپ.

## تۇغۇلۇش

قارلىغاچ قانىتىدا رەڭسىز ناخشا،
ئورمانىنىڭ لەۋلىرىدىن ئۇچۇپ كەتكەن.
شاخلاردا مۇگدەيدۇ قىراۋ پەسلى،
خازانلار نەمخۇش يەرنى باخاش ئەتكەن.

چايقىلار تەبىئەتنىڭ قارىچۇقىدا،
بېزەكسىز كىچىككىنە سوغۇق دۇنيا.
تىترەر مۇزلاپ كەتكەن ئاياغ ئىزى،
سىر تۆكۈپ شاماللارغا ئۆزى تەنها.

تۇغۇلغان كۇنى ئۇچۇن ئاداققى رەت،
چاناقتىن سىرغىپ چۇشتى ئىككى قەترە.
بەخت بوپ كۆرۈنگىنى — پەقەت بىر رەڭ،
شادلىقىنى دەپنە قىلغان قارا قەبرە.

## قەلئە چۇشى

مۇڭ ئىلكىدە ئەسنەپ ئۇيقۇچان،
چۇش كۆرىدۇ قەدىمىي قەلئە.
سىرلىرىدىن تۆكىدۇ ئاگا،
خاك توزۇغان كونا مەھەللە.

يىللار ئۆتۈپ چىرىپ كەتكەن تام،
بار ئۇنىڭدا مىسكىن سۇكۇنات.
قېتىپ قالغان دەۋر گەردىشى،
مەجرۇھلۇقتىن ئاختۇرار سۇبات.

شادلىقىڭنى كۆرسەملا پەقەت،
مەن يىراقتا كەتكەندە ئانا.
كۆزلىرىڭدە ئەگىپ قالدى ياش،
زۇمرەتسىمان قەترىلەر ئارا.

شولىسىنى كۆردۈم بەختىنىڭ،
مەڭزىڭدىكى سىماب رەڭ خالدىن.
ئۆكسۈپ قالدى يۈرىكىم ئۇنسىز،
چېھرىڭدىكى پەرىشان ھالدىن.

كۈلگىن ئانا كۈلسۇن كۆزلىرىڭ،
چەكمە ھەرگىز مەن ئۈچۈن ھەسرەت.
مەن بەختىيار، بەختىيار ھەر چاغ،
شادلىقىڭنى كۆرسەملا پەقەت.

## يوقالغان يۈرەك

قىزغۇچ نۇرغا پۈركەلگەن ساھىل،
شەپەق رەڭلىك چوغسىمان دەريا.
دىل تارىنى چېكىدۇ ئەجەب،
ئورمانزاردا تۇغۇلغان ناخشا.

يىراقلاردا چاقنايدۇ خىرە،
بۇژغۇنلارنىڭ ئەكسىدە ۋولقان.
كۆي ئەۋجىگە سالىدۇ قۇلاق،
بالىلىقنى ئاختۇرۇپ جانان.

دولقۇن يېرىپ يول ئالغان يەلكەن،
ئۇزاپ كېتەر چايقىلىپ ھارغىن.
ئاھ، يۇرىكى قىپقالغان يىگىت،
قىرغاق تامان تەلمۈرەر غەمكىن.

*نەسرلەر*

## تەنھا خىياللار

### 1

كۆپكۆك ساما قەھرىدە لەرزان پەرۋاز قىلىۋاتقان نەۋقىران بۇركۈت ئوۋچىنىڭ رەھىمسىز ئوقىدا «ئاھ» دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي يەرگە يىقىلدى. يىگىتنىڭ يېڭىلا ياسالغان سۆڭەك نېيىدىن مۇڭ تۆكۈلۈپ، پۈتكۈل كائىناتقا ئاڭلىنىۋاتقان جاراڭلىق كۈيى يىگىت قەلبىنىڭ شادلىقىنى ئەمەس، ۋاقىتسىز شېھىت بولغان بۈركۈتنىڭ ھەسرەتلىك نىداسىنى سۆزلەۋاتاتتى.

### 2

قىيالار كۆكسىدىكى كىچىككىنە تاش كاۋاكلىرى قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى بىلەن ئۇنسىز خوشلاشماقتا. تاغ چوققىسىدا

يېگانە ئۆسكەن قارلەيلىسى ئاداققى شەپەق نۇرىدا قىزغۇچ تاۋلى-
نىپ، كەچكۈز شامىلىدا ئاستا - ئاستا تۇزۇپ تۈگىمەكتە...

پەقەت شىددەتلىك ئۆركەشلەۋاتقان دەريا دولقۇنلىرىلا قىيا
تاش كۆكسىگە ئۇرۇلۇپ، پارە - پارە بولۇۋاتسىمۇ، يەنىلا تېز-
لىكتە ئەسلىگە كېلىپ، بۇژغۇنلار چاچرىتىپ، چوڭ ئېقىنغا
قوشۇلۇپ ئۆركەشلىمەكتە. ئۇنىڭ شاۋقۇنلۇق نىداسى سۈكۈتكە
تولغان قاراڭغۇ كېچىلەرنى يېرىپ تىترەتسە، كۈمۈش رەڭ ئەك-
سى ئايدىڭ كېچىلەردە ۋالىلداپ چاقنايتتى.

مەن بۇلارغا ئۇزاققىچە قاراپ، ھايات ۋە ياشلىق ئۈستىدە
چەكسىز خىياللارغا غەرق بولۇپ كەتتىم.

## 3

سۇبھى قۇچىقىدا يېيىلىپ تۇرغان تاڭ يوپۇقىنى پاياندار
قىلىپ، سەيلىگە چىقتىم. تاغ شامىلى يېنىككىنە سىپاپ ئۆتۈ-
ۋاتقان ياپيېشىل مەخمەل رەڭ ئوتلاق كۆكسىدە، بەرگلىرىدىكى
مەرۋايىت شەبنەملەر تىترەپ تۇرغان رەڭمۇرەڭ گۈللەر، تاغ
قۇشقىچىنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى، شاۋقۇنلاپ ئېقىۋاتقان
سۈپسۈزۈك ئۆستەڭ سۈيى، بۇلۇتلار كۆيۈپ قىزىرىپ كەتكەن
ئۇپۇق چېتى... مېنى ئۆزىگە پۈتۈنلەي ئەسىر قىلىۋالدى.

مەن پايانى يوق يېشىللىقنى بويلاپ مېڭىۋەردىم. تۇيۇقسىز
پاكارغىنە بىر چىملىق كەپىنى كۆردۈم - دە، ئاستاغىنە كەپە
ئىچىگە كىردىم. قاپقارا ئىسلىنىپ كەتكەن، تورۇسلىرىدىن
ئۆمۈچۈك تورلىرى ئېسىلىپ تۇرغان كەپىدە سۈرەتتەك گۈزەل
بىر قىز شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىر-
بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن تال - تال كىرپىكلىرى مەڭگۈ
ئاجرايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. «تۇۋا» دېدىم‌مەن ئۆز -
ئۆزۈمگە:

— شۇنچە گۈزەل تاڭ لەززىتىنى تەرك ئېتىپ، ئاشۇ غەپلەت ئۇيقۇسىنى تاللىۋالغان بۇ نازىنىن پەرىشتىمىدۇ، ئالۋاستىمىدۇ؟

## 4

ھەركۈنى چەكسىز كەتكەن دەريا ساھىلىنى خىيالىي كې-
زىپ، ھاياتىمنىڭ يېڭى بىر مۇساپىسىنى باشلايمەن. كۆز ئال-
دىمدا مەرۋايىت بۇژغۇنلار، ياقۇت رەڭ شولىلار، زۇمرەت
قەترىلەر ئاجايىپ جىلۋىسى بىلەن جۇلالىنىپ، كەلگۈسىنىڭ
گۈزەل كارتىنىلىرىنى نامايان قىلىدۇ. بالىلىق چۈشلىرىمنى
ئەسلىتىدۇ، مەن تەسەۋۋۇرۇمدىكى دۇنيانى، تەسەۋۋۇرۇمدىكى
ھاياتنى كۆرىمەن. ئەنە ھاياتىمغا ئەڭ زور بەخت ۋە مەنە بەخش
ئەتكۈچى شولىلار ماڭا قاراپ نۇرلىنىپ كەلمەكتە، مەن ئۇنىڭغا
قاراپ يۈگۈرىمەن، ئالدىمدا يېيىلىپ تۇرغان مەرۋايىت قەترى-
لەرنى ئوچۇملاپ ئېلىپ، كۆككە قاراپ چاچماقچى بولىمەن.
ئەپسۇس، قولۇمغا چىققىنى قۇرۇق قۇم بولۇپ، ئېسىمگە شۇن-
داق كەلسەملا كۆز ئالدىمدىكى بەخت شولىسىمۇ ئاستا - ئاستا
يوقىلىپ كېتىدۇ. ئۆزۈمنىڭ رەھىمسىز رېئاللىقتا تولىمۇ غەم-
كىن ھەم تەنھا تۇرۇۋاتقىنىمنى ھېس قىلغىنىمدا بولسا كۆزلى-
رىم ئىختىيارسىز ياشقا تولىدۇ.

## 5

ئاپپاق قار قاپلىغان كەڭرى دالىدا كېتىپ بارىمەن، كۆ-
زۈمگە تۇمان ئورىۋالغان دائىرە ئىچىدىكى قار ئۇچقۇنلىرى تو-
زۇپ چۈشۈۋاتقان بوشلۇقتىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ. دەل
شۇ چاغدا قېلىن قار ئىچىدىن يالىلداپ نۇر چېچىۋاتقان سۇپسۇ-

زۇك كرىستال كۆزۈمگە چېلىقتى. مەن ئالدىراپ - تېنەپ ئۇنى قولۇمغا ئالدىم.

— ھەي، مەن گۆھەر تاپتىم، — دەپ ۋارقىرىدىم، خۇشاللىقىمدا تاغلارغا قاراپ. لېكىن، بۇ قىپقىزىل جۇلالىق كرىستال نېمە ئۈچۈنكى ئىسسىق ئالىقانلىرىم ئارىسىدا شۇررىدە ئېرىپ تۈگىدى.

مەن ھەيرانلىق ۋە خۇرسىنىش ئىلكىدە ئالىقىنىمدىكى كىچىككىنە تامچىغا قاراپ تولىمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ كەتتىم...

توۋا، ئەسلىدە بۇ مېنىڭ چۈشۈم ئىكەن.

## 6

ئۇ تولىمۇ - تولىمۇ بۇرۇنقى ئىشلار، خۇددى بالىلىقتىكى چۈشلىرىمگە ئوخشاشلا. مەن قۇياش نۇرىدا ھالقا - ھالقا ئالتۇن رەڭ شولىلارنى ھاسىل قىلغان دەريا ساھىلىدىكى يۇمشاق قۇم ئۈستىدە يالاڭ ئاياغ قېيغىتىپ ئوينىغانلىرىمدا كۆزلىرىم ئىختىيارسىز ھالدا بوشلۇقتىكى ۋالىلداپ تۇرغان ئۇششاق دانچىلەرگە چۈشەتتى - دە، قانداقتۇر بىر ئەسەبىي ھېس تۈرتكىسىدە ئۇلارنى قوغلاپ يۈگۈرەيتتىم.

شۇ چاغدا ئاجايىپ چوڭ بىر بۈركۈت قاناتلىرىنى كېرىپ، ئالدىمغا كەلگىنىچە، — ئالدىرىما، سەن تېخى چوڭ بولىسەن، مەن ساڭا قاناتلىرىمنى بېرىمەن. ئەنە شۇ چاغدا ئۇلارنى تۇتۇۋالىسەن، — دەيتتى.

مانا ئارىدىن تالاي يىللار ئۆتۈپ كەتتى. مەن چوڭمۇ بولۇپ قالدىم، ھېلىقى ئۇچقۇنلار ھېلىمۇ ئەتراپىمدا ئۇچۇپ يۈرمەكتە، بەلكىم ئۇ دانكونىڭ پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەن يۈرىكى بولسا كېرەك. لېكىن، بۈركۈت تېخى كەلگىنى يوق. ئۇ ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ؟

يالقۇنجان ياقۇپ

# شۇكلەن ئەمدى ئەبلەخ يۈرىكىم



يالقۇنجان ياقۇپ 1972 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ تار تاجىك مىللىي يېزىسىدا ساقچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1991 ـ يىل 9ـ ئايدىن 1996ـ يىل 7 ـ ئايغىچە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان.

1988 ـ يىلى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «باھار كەلمىسە···» دېگەن شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە قەدەم قويغان. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، «شىنجاڭ گېزىتى» ، «قەشقەر گېزىتى» ، «شىنجاڭ ياشلىرى» ، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ، «يېڭى قاشتېشى» ، «قىزىلسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، 10 پارچە سىياسىي ـ نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. «قار تەسىراتلىرى» دېگەن شېئىرى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتى تەرىپىدىن 3 ـ دەرىجىلىك ئەسەر بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان. بىرقىسىم شېئىرلىرى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «مۇزتاغ سۆيگۈسى» ناملىق كوللېكتىپ شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇ ھازىر قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتۇش ـ تەتقىقات ئىشخانىسىدا ئىشلەيدۇ.

## شېئىرلار

### خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان بىلەن···

نېمىلەرنى ئويلىدىڭىز تاڭ،
خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان بىلەن.

قەلبىم قۇرۇق، خىيالىم قۇرۇق،
دەپ يۇرسەممۇ ئۆزۈمنى دەردمەن.

نېرىراقتا ئولتۇرار بىرسى،
خىيال سۇرۇپ، كۆزلىرىدە ياش.
باقار كۆككە ئۈنسىز - ئۈمىدسىز،
يۇلتۇزلارنى تۇتقاندەك سىرداش.

مەن ئۆزۈمنى باقتىم ئوخشىتىپ،
شۇ ناتونۇش بىرسىگە بۇدەم.
چۈشەندۈردى ماڭا ئۆزۈمنى،
كۆزىدىكى ياش، مېھرىدىكى غەم.

## كۈلۈمسىرەپ ئۆتمەكتە ۋاقىت

غىدىقلايدۇ قەلبىمنى بىر كۈچ،
نامەلۇمدۇر كۈلۈش ۋە يىغلاش.
نېمە كويغا سالدىكىن مېنى،
بۇرۇقتۇملۇق ئىچىدە ياشاش.

كۆزلىرىمدە ئازابلىق بىر كۈي،
يىغلامسىراپ تۇرىدۇ تىنماي.
كۈلەي دەيمەن زورۇقىمەن كۆپ،
مەن يەنىلا سولغۇن مۇز چىراي.

يىراق مەندىن رېئاللىق توپى،
مەۋجۇت پەقەت ئاددىي يوقىلىش.
كۈلۈمسىرەپ ئۆتمەكتە ۋاقىت،
باغرى ئىچرە سالاپ سوغۇق قىش.

## كەل دىلبەر

ئارتۇچلۇق ئارىسى پىنھان چىمىلداق،
يوچۇقلار ئۇستىدىن مارايدۇ قۇياش.
سېدىنىچ شىۋىرلاش شۇنچە يېقىملىق،
كېلىۋەر دىلبىرىم، بول ماڭا سىرداش.

كېلىۋەر دىلبىرىم، بول ماڭا سىرداش،
يات كۆزلەر كۆردى دەپ كەتمە ئەنسىرەپ.
دىللاردا قالمىسۇن قىلچە يېتىرقاش،
تارتىنىش مىنۇتلار قالسۇن چۆلسىرەپ.

كەل دىلبەر، كېلىۋەر، تارتىنما پەقەت،
سۆيگۈمىز ياشنىسۇن ئۇزۇلمەي ھامان.
سېغىنىش - كۆيۈشتە قالمىدى تاقەت،
ۋىساللار پەيتىنى قىلىمەن ئارمان.

## سېغىنىش كۈيى

كىچىككىنە ئىللىق خانىدە،
بىر مۇھەببەت چايقىلار گويا.
تورۇسلارغا باقسامۇ غەمكىن،
سۈرىتىڭنى ئىزدەيمەن ئاستا.
سەن باردەكلا بىلىنەر ماڭا،
كارىۋىتىمدا مەنلا بار ئەمما.

قۇچىقىڭدا چۆمۈپ كەتكەن چاغ،
ئېقىپ كېلەر ئېسىمگە قايتا.

ئەسلىمىلەر ئۈلغايغانسېرى،
شادلىنىمەن، چۆكۈمەن قۇتقا.
كۆرگۈم كېلەر سېنى دائىما،
كۆرەلمەيمەن ھەر كۈنى ئەمما.

دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بەلكىم،
سۆھبەتلەرگە بولغانسەن ئۈلپەت.
سۆھبەتداشلار تارقىلىپ كەتسە،
سەن يەنىلا قالغانسەن پەقەت.
تىكىلگەندۇ كۆزلىرىڭ يولغا،
مەن ئۇ چاغدا كەلمەيمەن ئەمما.

بۇزۇلغاندۇ چۈشلىرىڭ يەنە،
ئەندىشىلەر قىلغاندۇ قامال.
«بالام نېمە بولغاندۇ» دەپلا،
ئەنسىرەشتە سۈرگەنسەن خىيال.
كىم تەسەللى بەرگەندۇ ساڭا؟
مەن خەۋەرسىز يۈرىمەن ئەمما.

پۇلى تۈگەپ، قىينالغاندۇ دەپ،
يۈگۈرىسەن پوچتىخانىغا.
قەرزىنىمۇ تۈگىتەي دەيسەن،
پۇلنى بېرىپ ئاشۇ ياغچىغا.
مەن بىلىمەن كىرىمىڭ ئازلا،
بىلىندۈرمەي يۈرىسەن ئەمما.

كىيىملىرىڭ توپا بولغاندۇ؟
قوزىلارغا بوغۇز بەرگەندە.
سەزمەي ئۇنى ئۆز ئىشىڭ بىلەن،
مەشغۇل بولۇپ يۈرگەنسەن يەنە.

قاقار ئىدىم بولسام يېنىڭدا،
مەن سېنىڭدىن يىراقتا ئەمما.

خىياللىرىم ئاتلار ساڭا،
يۈرىكىمدە مېھرىڭ لاۋۇلدار.
ئۇزاق بولدى دىدارلىشالماي،
ئەنسىرەشتە بالاڭ تولغىنار.
سېنى دېسەم قەدىرلىك دادا،
ئۆچۈپ كەتكۈم كېلىدۇ ئەمما...

## ئانا

يىغلاپ - يىغلاپ ئۇخلىسام كېچە،
«ياستۇقۇمنى ياش بىلەن نەمدەپ».
مېھىر تۆكۈپ كۈلۈپ كېلىسەن،
كىچىككىنە قەلبىمنى بەزلەپ.
تاپالمايمەن ئوڭۇمدا ئەپسۇس،
چۈشۈم بولۇپ قالىسەن ئەجەب.

جىملىقىنى بۇزۇپ كېچىنىڭ،
جۆيلۈپ قالدىم «ئانا» دەپ نەچچە.
دېرىزەمــدىن مارىسا ئـاي،
سۆزلەپ بەردىم مېھرىڭ ھەققىدە.
سۈرىتىڭنى قويدۇم كۆرسىتىپ،
يېنىپ تۇرغان يۈرىكىم ئىچرە.

بەلكىم مېنى خەت يازمىدى دەپ،
جېنىم ئانا بولغانسەن خاپا؟
ئولتۇرغانسەن سېغىنىشتا ھەي،
ھېچ ئىش قىلغۇڭ كەلمەي شۇ تاپتا.

رەنجىمىگىن بەردىم ئەۋەتىپ،
يۈرىكىمنى خەت قىلىپ ساڭا.

يېنىككىنە ياغماقتا ئاق قار،
قۇلاقلارغا پىچىرلار سوغۇق.
دېكابىرنىڭ تەبەسسۇمىدا،
ئېچىلدىمۇ توڭغۇشقا يوچۇق؟
مەش ئالدىدا ئولتۇرۇپ جىمجىت،
بەرمىگەنسەن سوغۇققا تۇتۇق.

يالغۇز پېتى ئولتۇرۇپ ئۆيدە،
ئاھ، مېنىلا قىلغانسەن خىيال.
كۆزلىرىڭنى ياشقا تولدۇرۇپ،
جىملىقىڭنى قىلغانسەن مالال.
سېغىنىشتا تۇرغىنىڭ ئېنىق،
مەن يۈرسەممۇ ئەركىن - بىمالال.

قالدىڭ بەلكىم ئۇزاق كۆز تىكىپ،
جېنىم بالام قاچان كېلەر دەپ.
تەلپۈنۈشتە يۈرەكنىڭ ئاشۇنداق،
ھەربىر كۈننى ساناپ بىر - بىرلەپ.
تۇرار ئانا يىراق سەھرادا،
سېغىنىشتا قەلبىڭ پورەكلەپ.

## سەرسان ۋۇجۇد

خىلۋەتتىكى مۇڭ باسقان گۈگۈم،
قالدى پىنھان يامغۇر چۈشەكەپ.
يېتىمسىراپ قالغان مەۋجۇتلۇق،
بوغۇق ئۇندە تۇرار ئېسەدەپ.

سوغۇق ئەتراپ باقار يىقىمسىز،
خەيرخالىق قالدى يىتىرقاپ.
كىچىككىنە هايات قەدىمى،
بىر كەچمىشنى بىرەر پىچىرلاپ.

ئۇنتۇلغاندەك سۆيۈش - سۆيۈلۈش،
چۇش بوپ قالدى بەلكىم يىراقتا.
تەشنالىقنىڭ هارغىن تىنىقى،
ئۆرتەنمەكتە چەكسىز پىراقتا.

# سىنىڭ يازغان هىلىقى خىتىڭ

(گىنىرىخ گىينىغا تەقلىد)

## 1

سىنىڭ يازغان هىلىقى خىتىڭ،
ۋۇجۇدۇمنى قويدى يايرىتىپ.
مۇهەببەتلىك ئاشۇ سۆزلىرىڭ،
ئەسلىمەمنى قويدى ئويغىتىپ.
ساددىلىقىم، ساددا كەچمىشىم،
كۆز ئالدىمغا كەلمەكتە يەنە.
ئىسىت! دەيمەن شىرىن چاغلارنىڭ،
ئۆتكىنىنى ئاشۇ تەرىزدە.
ۋىسالىڭغا تەشنا تۇرۇپمۇ،
ۋىسالسىزلا ئۆتتۇم كۇنۇم جىم.
چاچلىرىڭنى سىلاپ ئولتۇرۇپ،
سىرداشمىدىم، ئاھ، بىرەر قىتىم.

## 2

كۈن قوغلىشىپ ئۆتۈشتى يىللار،
ئۇنتۇلدۇرماق بولۇپ ھەممىنى.
كۆپ نەرسىنى كەتسەممۇ ئۇنتۇپ،
ئۇنتالمىدىم لېكىن مەن سېنى.
دىدارلاشماي يۈرۈشتۇق ئۇزاق،
ئاھ، ئارىلىق تۇرسىمۇ يېقىن.
بىز ئىككىمىز روبىرو تۇرۇش،
رېئاللىقتا ئەمەستەك مۇمكىن.
كۆزلىرىڭگە تا ھازىرغىچە،
باقالمىدىم ئۇزاقتىن ئۇزاق.
دېرىزەڭدىن مارىلىغان ئاي،
كۆزلىرىڭگە باققاندۇ شۇنداق.
قۇلاق سېلىپ تىڭشىغۇم كېلەر،
سەن توغرۇلۇق بەرسە كىم سۆزلەپ.
ئويلىغۇملا كېلىدۇ سېنىڭ،
كەتكىنىڭنى گۈلدەك پورەكلەپ.
ئىللىققىنە تەبەسسۇمۇڭنى،
چۈشلىرىمدە كۆرۈپ قالىمەن.
سېغىنىشنىڭ مىنۇتلىرىغا،
مەپتۇن بولۇپ ئوتتەك يانىمەن.

## 3

پۇرسەت ئۆتتى دېمەيمەن يەنە،
چۈنكى ئەمەس ھاياتمۇ تۇرغۇن.

ئەتە چوقۇم كېلەر ئامرىقىم،
ئىشىنىمەن پۇرسەت بار نۇرغۇن.
سېنىڭ يازغان ھېلىقى خېتىڭ،
ئەمدى مېنى قىلماس پەرىشان.
ھەربىر قېتىم ئالسام قولۇمغا،
قوزغىلىدۇ چەكسىز ھاياجان.

## غالىب باشلىنىش

ئاھۇنىڭ نۇر ياغان ئۇتلۇق كۆزىدە،
تەۋەللۇت بولماقتا ساماۋى كۈلكە.
دىلدىكى ئازابلىق مىنۇتلىرى ئېھ،
تارىلىپ بارماقتا پايانسىز كۆككە.

تويۇلۇپ چىققاندەك قۇياشلىق سەھەر،
يىراقلاپ قالماقتا قەدىم كۆرۈنۈش.
ئالغاندەك سۆيگۈگە بىر غالىب قەدەم،
تېپىرلاپ تۇرماقتا چەكسىز سۆيۈنۈش.

## ئىككىنچى باشلىنىش

سەۋدايى قىسمەتلەر تاشلىدى قاسراق،
يېڭى بىر بەختتىن بېرىپ بېشارەت.
ئازابنىڭ شولىسى كەتمەكتە يىراق،
بەختسىز چاغلاردىن سۆزلەپ شىكايەت.

سۆيۈملۈك خىياللار قالدى نۇرلىنىپ،
باقماقتا رېئاللىق بىر تاتلىق كۈلۈپ.

يۇرىكىم ئۇن - تىنىسىز كەچمىشنى ئۇنتۇپ،
ئاھ يەنە بىرسىنى بارماقتا سۆيۈپ.

## كۈتۈش ئارخىپى

ئۇرۇلار قىرغاقتا شاۋقۇنلۇق دەريا،
جىمجىتلىق باغرىنى يىرتىپ پارچىلاپ.
بوشلۇقنىڭ بويىنىغا مارجانلار ئېسىپ،
دولقۇنلار ئەۋجىدە بارار يىراقلاپ.

شەپەق سۇ ئۈستىگە قونماقتا بۇدەم،
شاۋقۇنلار باغرىغا نۇرلار چاچرىتىپ.
ئەقىدە گۈللىرى ئېچىلىپ تاشتا،
كۈتۈشنىڭ دەملىرى قالدى مۆڭلىنىپ.

مارىشىپ تۇرماقتا يۇلتۇزلۇق كېچە،
تىۋىشمۇ چىقارماي كېلىشكە ئاستا.
ئىنتىزار ئىلكىدە تولغانغان كۈتۈش،
قاچانغا سوزۇلار نامەلۇم ئەمما.

## سېنىڭ قەلبىڭ نامەلۇمخانا

ئېچىلمايسەن ئالدىمدا گۈلدەك،
پۇرالمايمەن ھىدىڭنى قېنىپ.
سەن بىلمەيسەن، تىۋىش چىقارماي،
كەتكىنىنى يۈرەك ئۆرتىنىپ.

تەبىر بېرىپ تۇرار پەقەتلا،
كۆزلىرىمگە، ھاياجىنىمغا.
كىرەلمىدىم قەلبىڭگە ئەپسۇس،
بەردىڭ سىرلىق كەچمىشلەر ماڭا.

سېنىڭ قەلبىڭ نامەلۇمخانا،
سەزگۈم ئۈچۈن تاشلايدۇ سوئال.
تاتىلايدۇ يۈرىكىمنى ھەم،
يېتىمسىراپ قالغان ئۈشبۇ ھال.

## ئۆلمەس تەبەسسۇم

تېپىچەكلىدى ئاھۇنىڭ كۆزى،
چىچەكلىدى سۆيۈملۈك ھەۋەس.
ئۇلغايماقتا ھېسلار كەلكۈنى،
دىل قەسرىدە بولۇپ مۇقەددەس.

چېھىر ئىچرە ئۈزمەكتە قۇياش،
ئاھ، بولسىمۇ قىسمەتلەر شورلۇق.
داۋام بولۇپ تاتلىق بىر ئالداش،
سىلكىنمەكتە نۇر سۆيگەن بوشلۇق.

## دىئاگنوز I

كىتابلار ئوقۇشنى تۇرماقتا كۈتۈپ،
بىزارلىق ئۇنىڭغا كەلتۈرمەس يېقىن.
كۆڭۈلنىڭ تەكتىدە سۇنئىي بىر غايە،
تۇرىدۇ ۋەلېكىن مادارسىز، غەمكىن.

سۈپۈرگە ئاستىدا ياتقان يوللاردەك،
چۈشكۈنلۈك ئاستىدا ياتىدۇ مەنزىل.
باقىدۇ يەنىلا سوغۇق تىۋىشتە،
يالغاندىن ئۆزگەرگەن، ئۆزگەرمەس شەكىل.

ساددىلىق يوشۇرۇپ تۇرغان گۈزەللىك،
مۇڭ تۆكۈپ ئۇن - تىنسىز قىينىلار هامان.
ئاق يىغىن سىغىنىش يۈز ئاچار شۇئا،
ئازابقا ئەگىشىپ بولغاندا سەرسان.

## خوشلىشىش خاتىرىسى

يىراقلىتىپ قويدى بىزنى مۇساپە،
قالدى لىكىن پۇلاڭلىشى قوللارنىڭ.
ئىزدەشىسمۇ كۆزلەر غەمكىن رەۋىشتە،
سىڭمەكتىمىز قەدىمىگە يوللارنىڭ.

ئىككى يولدا بارماقتىمىز يىراقلاپ،
جۇدالىقنىڭ كەچمىشىگە قويۇپ باش.
بەخت ئۇچۇن ئىنتىلىشلەر، سوراقلاپ،
يۈرەك تىلغاپ شۇ تاپ تۆكۈپ ئاچچىق ياش.

شادلىق يىپى ئۈزۈلمەكتە بەس - بەستە،
قىسمەتلەرنىڭ قۇچىقىغا يىقىلىپ.
بارماقتىمىز يوقىتىش ۋە كۈتۈشتە،
سۆيۈملۈك بىر سەۋەنلىككە ئىزنىقىپ.

# ئۈزاق بولدى يېزىشمىدۇق خەت

(ساۋاقداشلار خاتىرىسىگە)

ئۈزاق بولدى يېزىشمىدۇق خەت،
ھالىمىزدىن ئەھۋال ئېيتىشىپ.
قايسىمىز خۇش، قايسىمىز غەمكىن،
بولالمىدۇق تېخى بىلىشىپ.

ئايرىلغاندا ھېس قىلدۇق نېمە؟
سۆزلەشمىدۇق بۇ توغرىدا ھېچ.
جىمىپ كەتتۇق چىقارماستىن ئۈن،
كۆلنىڭ سۈيى تۇرغاندەك تىنچ.

بىر ئۈۋىدىن كەتسەكمۇ يىراق،
ساۋاقداشلىق مېھرى بار بىزدە.
بۇ كەمگىچە سېغىنىش بەلكىم،
ھەممىمىزنىڭ كىردى قەلبىگە.

## يېزام ھەققىدە خىيال

سۈزۈكلۈكۈڭ يوقىلىپ بىردىن،
بىلىنمەكتە ئەمدى باغلىرىڭ.
ئەينىكىدە جاھاننەمانىڭ،
تۇمان ئارتىپ تۇرار تاغلىرىڭ.

ئەتراپىڭدا چۆرگىلەيدۇ تاغ،
باغلىرىڭنى قوغداپ جۇدۇندىن.

تۇسالمىدىڭ ئەمما شۇ جۇدۇن،
ماكان ئەيلەپ كىرسە كۆڭۈلدىن.

ماختىنىشلار قالغاندەك ئۇدۇم،
يوقنى بار دەپ سۆزلەيمىز خۇشال.
ماختىنىشقا بولۇشۇپ مەپتۇن،
سۇرۇپ يۈردۇق كۆپۈكتەك خىيال.

ماختىنىشلار ئەكەلدى نىمە،
ئادەتلىنىپ قالدۇق شۇنىڭغا.
كەمچىلىكنى قىلىشتۇق ئۇنتۇپ،
بىز ئەمەستەك يېقىن ئۇنىڭغا.

ئۇچىنىلا كۆرۈپ بۇرۇننىڭ،
تاشلىمىدۇق يىراققا نەزەر.
ئويلانمىدۇق كەلمىشىمىزنى،
مەغرۇرلىنىپ ئويناپ شۇ قەدەر.

ئەتىدىكى قۇيرۇقتىن ئەلا،
بۈگۈن ئۆپكە يېيىش دېيىشتۇق.
يولۇقتۇرساق جۇرئەتلىك ئەرنى،
كۆزگە ئىلماي سوغۇق كۈلۈشتۇق.

يوتقانغىمۇ قويماستىن قاراپ،
پۇت ئۇزىتىپ يۈرۈشتۇق غەمسىز.
سوغ كېچىلەر توڭلىسىمۇ پۇت،
ۋايسىمىدۇق، بىلدۇق ئۆزىمىز.

ئادىتىمىز تۇرسا ياراشقان،
نېمىشقىدۇر كەتتۇق ۋاز كېچىپ.
ھەشەمەتكە باردۇق يېقىنلاپ،
كەتسىمۇ گەر مادار سولىشىپ.

بىلەلمىدۇق ئۆزىمىزنى ھېچ،
يۇمشاق ئەسنەپ ، قاتتىق چۇشكۇرۇپ.
يول تۇرسىمۇ توغرا ۋە داغدام،
ماڭالمايمىز نېچۇن ئېزىقىپ.

ئېسىمىزگە ئالمىدۇق زىنھار،
ئاشۇلارنى ئويلاش دېگەننى.
بۇ تەرىزدە ئۆتسەك ئەۋلادقا،
ئۆزىتارمىز قانداق قەدەمنى؟!

## بۇركۇت

بىر غالىب كۈچ بىلەن كەرگەچكە قانات،
پەرۋازىڭ سېھرىدىن سىلكىنەر بوشلۇق.
بەھۇزۇر ئەگىگەن ھالىتىڭدىن ئېھ،
قەلبىمدە تۇيۇقسىز ئۇقچۇيدۇ شوخلۇق.

سەن ئەركىن ئۇچۇشنى بىلمىسەن چۈنكى،
مەنزىلنى تاللايسەن ئۆزۈڭ ھەمىشە.
دۈشمەنگە زالىمسەن، قەھرىڭ بەك چوڭقۇر،
تىرنىقىڭ قالدۇرغان سانسىز ئەسلىمە.

سەزگۈرلۈك كۆيىنى سۆزلىسە كۆزۈڭ،
شۇ ئۆتكۈر تۇمشۇقۇڭ تامچىتار مەنا.

سەندىكى ئۇلۇغ روھ، سەندىكى ھېكمەت،
بىر ھەۋەس قوزغايدۇ يىللاردا شۇڭا.

## شۇكلەن ئەمدى ئەبلەخ يۈرىكىم

جىمىپ تۇردۇڭ سىلكىنمىدىڭ ھېچ،
شادلىقىڭنى ئالغاندا يۇلۇپ.
غالىبلىقنىڭ ھەيۋىسىنى سەن،
تىز پۈككەنچە بەردىڭ ئۈزىتىپ.

تەنھا قالساڭ گاھىدا ئەما،
سىلكىنىسەن، تاپمايسەن تىنىم.
«تويدىن كېيىن ناغرا نەھاجەت»،
شۇكلەن ئەمدى ئەبلەخ يۈرىكىم!!

## دىئاگنوز II

تۈيغۇلار قار تۆكەر، تۈيغۇلار سوغۇق،
كۆڭۈلنىڭ كىرىنى تۆكەر ئۇھسىنىش.
تۇمانغا يېقىنلاپ بارماقتا كۆلكە،
پەردىگە مۆكۈنۈپ قالدى يىقىلىش.

گۈزەللەر شادلىقتىن ئۆڭگەن، سارغايغان،
مەنپەئەت باغرىدا ئويناش مۇھەببەت.
ئىشەنچ ۋە راستچىللىق ئەمەسمىش مودا،
پىچىرلاپ كۆز قىسار سىر خىل مالامەت.

ئۇنتۇلۇپ كۆڭۈلنىڭ سۆزۈك بەتلىرى،
كۆزلەرگە سانجىلىپ تۇرار كىرلىشىش.

غىدىقلار كىمنىدۇر يىقىمسىزلىنىش،
كىمگىدۇر شوخ ناخشا ئېيتىپ بېرەر قىش.

## كەنتتىكى كۆۋرۈك بېشىدا

كۆپ كېلىدۇ قىران يىگىتلەر،
كەنتتىكى كۆۋرۈك بېشىغا.
ئەتىگەندە چىقسا ئۆيىدىن،
كەچ كىرگۈچە تۇرىدۇ ھەتتا.

قارتا ئوينايدۇ گاھى كۈن بويى،
بىلىيارتقىمۇ ھېرىسمەن، ئۇستا.
ئۆيگە كىرسە مۇشۇك يامانلار،
يامانلىماس ئۆزلىرى ئەمما.

ئون يۈەنگە قالسا ئېرىشىپ،
چاپار گاھى شەھەر ئىچىگە.
مەيخانىنى ئاۋات قىلىشىپ،
قايتار ئالماپ دەسسىگىنىچە.

بىرقانچىسى ئاشلىقسىز بۇ يىل،
قۇتقۇزۇشنى ئولتۇرار كۈتۈپ.
ياقتۇرمايدۇ جاپانى لېكىن،
نامراتلىقنى يۈرىدۇ يۈدۈپ.



باتۇرجان ئاتىخان

# تاجىكىمنىڭ يۈرىكىدە مەن



باتۇرجان ئاتىخان 1970- يىل 3- ئايدا ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ تار تاجىك مىللىي يېزىسىدا دوختۇر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1992- يىلى قەشقەر تېببىي مەكتەپنى تاماملاپ، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق يەرلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەتقىقات ئورنىغا تەقسىم قىلىنغان. 1994- يىلى تاشقورغان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىغا كەسىپ ئالمىشىپ يۆتكىلىپ كەلگەن. 1999-يىلى داتۇڭ يېزىلىق پارتكومدا شۇجى ياردەمچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئاپتور 1988 - يىلى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان تۇنجى شېئىرى «باخشىنىڭ ئىقرارى» ناملىق شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. ھازىرغا قەدەر «تارىم»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «تۇرپان»، «قىزىلسۇ ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا 400 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، 10 پارچە نەسرى، 15 پارچە سىياسىي - نەزەرىيىۋى ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. بىر قىسىم شېئىرى «مۇزتاغ سۆيگۈسى»، «قەشقەردە توي» قاتارلىق كوللېكتىپ توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن.

## شېئىرلار

### تۈندىكى ئاسمان

بالدىلدىغان يۇلتۇزلار ساڭا،
چوقۇم رەزىل ئايال بىلەن ئەر.

كېچىسىگە تۆكۈلگەن بەخت،
ناپاك سېزىم دېرىزە چېكەر.

ساڭا تونۇش بولغان ھويلىدا،
تەۋرىتىمەن ئازابلىق بۆشۈك.
زەنجىرىنى ئۈزەلمەس ئەمما،
ئۆز ئەركىدىن ئايرىلغان كۈچۈك.

سۈبھى پەيتى كېلىدۇ ئانام،
ئايئاق تاڭدىن سۈپۈرگە ياساپ.
تۈغۈلىدۇ قۇياش كۆكسۈڭگە،
پاكلىنىسەن كۆزۈمدەك چاقناپ.

## ئەزرائىل

سەن يېنىمدا ئەركىنلىك بىلەن ياشايسەن،
گۆركارلىقتىن كېلەر ماڭا مۇكاپات.
بەختسىزلىك پەقەت مېنىڭ سۆيگىنىم،
سۈكۈناتتىن شەپە بەرگەن گۈل ھايات.

مەۋجۇتلۇقنى ئىزدەپ يۈرگەن پەرىشتەم،
سېنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىڭگە ئۆلىمەن.
سۇنغان تەشتەك مۇڭسىرايدۇ كېچىدە،
ئادەملىرىم ئېچىلمىغان يەسىمەن.

تەڭرىم مېنى راۋا كۆرسە مۇبادا،
جەننىتىمنى بۆلۈۋالاي سېنىڭدىن.
ئېلىشىڭنى ئېلىپ بولدۇڭ ئاقىۋەت،
جان سورىما بولدى ئەمدى مېنىڭدىن.

## ياشلىق تەزكىرىسى

ئاي نۇرىغا چۆمۈلۈپ تامام،
شىۋىرلايدۇ تاتلىق جۈپ سايە.
ئېھ بۇ يەردە ئانام ۋە ئاتام،
باشلاپ قويغان بىزگە ھېكايە.

قىران چېغى پەسلى ئۇلارنىڭ،
ئاشۇ ھېسلار سۆزلەيدۇ غەزەل.
چۆمۈلەيلى سالقىن باھارنىڭ،
شامىلىغا ئەركەم بىر مەھەل.

ئاخىرىنى يازايلى بۈگۈن،
يۈر ئايدىڭدا ئىزلارنى بويلاپ.
كېلىپ قالار ئەتە ... يا ئۆگۈن،
ئوغلىمىزمۇ بۇ يەرگە ئويناپ.

## لاياقەتلىك ئەر دېمە مېنى...

كۆيۈپ تۇرۇپ ئالغان مەن سېنى،
ئۆمۈرلۈككە ئەھدىم بار ساڭا.
لاياقەتلىك ئەر دېمە مېنى،
گەر قەلبىڭنى قىپ سالسام يارا.

گەر قەلبىڭنى قىپ سالسام يارا،
ئوماقلارنىڭ رەنجىيدۇ دىلى.

ئەركىلىمەس «دادا» دەپ ماڭا،
(قىز - ئوغلۇمنىڭ تۇتۇلۇپ تىلى).

قىز - ئوغلۇمنىڭ تۇتۇلۇپ تىلى،
ساڭا مەيۇس تىكىلسە ئەگەر.
لاياقەتلىك ئەر دېمە مېنى،
بولالمىسام مېھرىبان پەدەر.

ئەسكەرتىمەن، تۇرماي تېڭىرقاپ،
ۋاپا بىلەن ياشا دەپ هامان.
لاياقەتلىك ئەر دېمە ماختاپ،
گەر ۋەدەمدە تۇرمىسام جانان.

## سېنىڭ يالىڭاچ شەكلىڭ

يىپەك تون ئىچىدىن بىخلىنىپ چىققىنىڭ بىلەن،
يالىڭاچ شەكلىڭنى تۇيۇپ تۇرىمەن.
سەن شۇنداق ھېيلىگەر
تۇلكە دوختۇر بولۇپ كەلگەندەك
توخۇ كاتىكىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا
سىغدايسەن ھەممىنى بىرلا كاچكۇلغا. . .
سەن ئۇستا يانچۇقچى تۇيدۇرماي ھەتتا،
ئالىسەن كىملەرنىڭ يانچۇقىدىكى
ئۆزگە تەئەللۇق بولغان سەھەرنى.
سۈكۈت، بارمىقىڭدىن تامچىغان بەخت،
ئەسلىنى يوقىتىپ يۇرىدۇ كۈلۈپ.
سۇباتىڭ چىرايلىق بولغىنى بىلەن،
نەپرەتلەر ئۈيۈيدۇ سېنىڭ جىسمىڭغا.

نەقەدەر دەھشەتلىك يالىڭاچ شەكىلىڭ،
كېلىدۇ ھېلىلا بىرسى پەر توزۇپ،
كېلىدۇ قەلبىدىن سۆيگىنى جەزمەن.

## ئۇركۈيمەن ئۆزۈمنىڭ ئۇنىدىن ھەتتا

ياشايمەن ھەمىشە ئېھتىيات قىلىپ،
سۆزلەشتىن، مېڭىشتىن، يېيىشتىن يەنە.
ياشاشنىڭ ھەر كۈنى ئۆتكىلى شۇنداق،
قىپ قويدى قورقۇنچاق مېنى بىمەنە.

قورقۇنچاق توشقانغا بولمىغاندەك كۈن،
ئۇركۈيمەن ئۆزۈمنىڭ ئۇنىدىن ھەتتا.
يولۋاسقا يەم بولۇپ ياشىشىم مۇمكىن،
يولۋاسقا ئايلانغان ئادەملەر ئارا.

ياشايمەن ھەمىشە ئېھتىيات قىلىپ،
كىم ئۈچۈن بىلمەيمەن، مەن بۇنى ئەبەد.
بىلىمەن ۋە لېكىن ئايرىلغىنىمنى،
شۇنى دەپ بەختىمدىن پەقەت ۋە پەقەت.

## ئاداققى كۈتۈش

رېئاللىقتىن غايىب بولغان چۈش،
نەلەردىدۇر يۈرەر سەرسانە.
تەنني چەيلەپ كېلەر ئۈمىتۈلۈش،
شېرىن ئازاب سۆيگەن دەملەردە.
ئاقار يۇلتۇز، يوقلۇق مۇنچىسى،

پاكلىقىدىن قالغان دۇنيادا.
يېگانە قۇش، يالغۇز ھەممىسى،
يالغۇز ئاققان يالغۇز دەريادا.
رېئاللىقتىن غايىب بولغان چۈش،
مەغلۇپ سېزىم سىرداشتۇر ماڭا.
غۇلىماقتا ئاداققى كۈتۈش،
قەھرىمانلىق تۇيغۇسى ئارا.

## ئاچچىق يۇتۇش

بۇ ھەقتە سۆزلەشنى كۆرمەيمەن راۋا،
بۇنى سەن بىلىسەن، چوقۇم بىلىسەن.
ئادەملەر بىكارچە ئىزدەمدۇ داۋا،
رەنجىگەن، ئېيتقىنا سوۋۇمىسا تەن.

بۇ ھەقتە سۆزلەشنى كۆرمەيمەن راۋا،
سۆزسىزمۇ بۇ رەڭلەر ھەممىگە ئايان.
مەن يازنى سۆيەتتىم، سۆيەتتىم ئەما،
سېرىقتۇر ياپراقلار تامام سارغايغان.

بۇ ھەقتە سۆزلەشنى كۆرمەيمەن راۋا،
ئەڭ ئېغىر ئازابنى قەلبىمگە بەتلەپ.
ئۇن - تىنسىز بىر كۈندىن ئىزدەيمەن پاناھ،
ئۆزۈمگە ئاچچىقلاپ، ئۆزۈمگە سۆزلەپ.

## تاش ئادەم

تاغلىقلار دەيدۇ بىزنى، بىز تاش ئادەم،
ئەماكى تاشتىن يۇمشاق تەن - دىلىمىز.

تاغلاردىن بىزگە كۆچكەن ئادەم روھى،
تاغ سۈيى — ئېقىنلاردەك ھەم مېھرىمىز.

تاغلارنى سۆيەر داۋام قار - مۇز، چېقىن،
ۋەيەنە يامغۇر، شامال ھەر تەرەپتىن.
تاش ئادەم ياشاۋېرەر بىر خىل پەقەت،
توسقۇن ۋە چاپقۇنلاردا ئەندىكمەستىن.

تاغلىقلار دەيدۇ بىزنى، بىز تاش ئادەم،
تاشلاردەك بىرىكىش بار قېنىمىزدا.
بەختنى تاپالايمىز تاغ روھىدىن،
تاغ گۈلى ئۈنەر ھامان ئىزىمىزدا.

## مەيخور شەھەر

بۇ شەھەر
شەھەرلەرنىڭ كەنجى بالىسى،
نامراتلىقنى ئېمىپ چوڭ بولغان.
مەيگە ئاشىق چۈنكى بۇ شەھەر،
ئادەملىرى مەيخور شۇ قەدەر.

مايماق دەسسەپ كەلگەن قەدەملەر،
ئۈنتۈلدۈرار پۈتكۈل ھاياتنى.
بوتۇلكىدەك تاشلىنىپ ياتقان،
كەيپلىكتە سۇنغان دىللارغا.
تاشقورغاننىڭ سوغۇق كېچىسى،
گاھى تەقدىم قىلار ماماتنى،
يىراقتىكى ھاراق زاۋۇتى،

بۇ شەھەرنىڭ يېقىن ئۆلپىتى.
مەيخورلار گەر تارتسىمۇ زىيان،
مەيپۇرۇشنىڭ كەلگەن ئامىتى.

بۇ شەھەرنىڭ قايناق بازىرى،
ئادەمگە باي قاۋاقخانىسى.
خەجلەنسىمۇ بۇندا يۈزلەپ سوم،
خەجلەنمەيدۇ بىر تال كىتابقا.
ئايلاپ، يىللاپ قىرىق - ئەللىك سوم،
غەرەز ئۇقۇغان بىلەن ئادەملەر.
خارابىدەك جىمجىت شۇقەدەر،
بۇ شەھەرنىڭ كىتابخانىسى.
ئىسىت!
روھىي نامراتلىق.
مەيگە ئاشىق بولغان شۇ دىللار،
ھەتتا مەيخور ئوقۇتقۇچىلار،
چۈشەنمەيدۇ قانداق ياشاشنى،
تەقدىرىنى ھەتتا مىللەتنىڭ.
قۇربانى بوپ ياشار مۇشۇنداق،
خىسلەت ئەمەس بەلكى ئىللەتنىڭ.
بۇ شەھەر
ماڭا ئوخشاش غېرىب شائىرنى،
ھەسرىتىدە كەلدى مەست قىلىپ.

## بۇركۇتكە

روھىڭ پىلىكىدە ياندى ئەرش - ئاسمان،
قۇياشنى تۇغدۇڭ سەن ۋەبەلكى ئۇندا.

ئاشۇ قانىتىڭدا ئىشلىگەن ھايات،
چېچىلار مۇئەللەقتىن كۆز نۇرۇڭدا.

چوققىلار مايىقىڭنى ئۆتتى قىلىپ يەم،
بورانلارنى ئۇركۇتتۇڭ قاق - سەنەم قىلىپ.
تالاي يىل جەسۇرلۇقۇڭ قاتقان كۆزۈمدە،
شۇ «بۇركۇت مىللىتى» تۇرار مۇكچىيىپ.

«بۇركۇت» مەن دېيىش نەقەدەر ئازاب،
روھىڭنىڭ ئۇۋىقى تەندە يوق تۇرۇپ.
«يۆلەش» كە كۆنۈككەن ئاجىز ئەقىدە،
ھىدى ھەم تۇرسا ئاھ، قەلبىمنى نوقۇپ.

بۇركۇت، تۇخۇمۇڭدىن بۇركۇتسەن ئەبەد،
پەسلىڭدىن ئاققان نۇر تەگدى يۈزۈمگە.
شۇ سەۋەب ۋىجدانىنىڭ قىلىچىنى يەپ،
يەنىلا يىقىنلاپ قالدىم ئۆزۈمگە.

## كەنت كېچىسى

چۈشلىرىڭگە چىلاپ يىپىدىڭ مېنى ئېھتىمال،
بىر يەرلىرىم تارتىپ تۇرار مانا توختىماي.
كىرەر دەۋرەپ تۇڭلۇكۇمدىن ئاچچىق ئىسەدەش،
قاغجىرىغان كۆزلىرىمگە شولا تۆكۈپ ئاي.

جىمجىت كەنت ئۇخلاپ ياتار شۇقەدەر تاتلىق،
خىيالىمدا ھۆسنىڭ جىنىم تارتىدۇ سۈرەت.

كۆكرىكىڭدىن سويلاپ چۈشكەن دەقىقىلەرنى،
سۈمۈرىمەن، مەن يېنىڭدا تاپقاندەك راھەت.

تۈنەشلىرىڭ دەپتىرىدە يالتىرار كېچە،
قارىچۈقلىرىم چامغۇر كۆمگەن بەئەينى ئورەك.
تەنها تۇرمۇش زۇلمىتىدىن ياداڭغۇ تېنىم،
يىراق ئۆيۈم چۈشلىرىگە تېۋىنار يۈرەك.

كېچە بىلەن گىرەلەشكەن دەردلىك سېغىنىش،
غەشلىك سەھەر جەزبىسىگە بوپ كەلدى ناشتا.
غېرىبانە ھالىتىمنى چۈشەپ قالساڭ يار،
كەل يېنىمغا سۆيۈۋالاي، شەھەرنى تاشلا!

## پىنھاندىكى چاقىرىق

سۆيۈپ كەلدىم سېنى پىنھان يوشۇرۇپ،
سۆيۈشلىرىڭ شادلىقىمنى پۈتۈنلەر.
ساداقەتتىن كېتەر دىللار نۇر قۇچۇپ،
ۋىسال قۇشى ئۆتسە ھەردەم قېقىپ پەر.

پىنھانىمدا تۇرۇپ مەغرۇر ياشىغىن،
سىرىمىزنى زىنهار ھېچكىم بىلمىسۇن.
ئاتاي مەنمۇ، سەنمۇ ئەبەد ئاتىغىن،
پاك سۆيگۈنى، ئاڭا زەخمە يەتمىسۇن.

شۇنداق ياشاپ، شۇنداق قېنىپ ئالايلى،
قىسقا ھايات، شاد تۇرمۇشنىڭ پەيزىگە.
بەخت بولۇپ ھەربىر كۆنگە تارايلى،
بوغۇلساقمۇ گەر ۋىجداننىڭ قەرزىگە.

## ئىنتىلىش

ھەييامنىڭ رومكىسى قوللىرىمدا كۈل،
شىرازى روھىغا كۆمۈلسۈن دىلىم.
«بوستان» دا ئۆگەنسەم مېڭىشنى تەمتەم،
«شاھنامە» بېتىدىن كۆكلىسۈن تىلىم.

دۇنياغا ئەڭ چوڭقۇر مەنىدە باقاي،
ئەركىگە تويۇنغان مىسرالارنى يەپ.
ھاياتنى يارىتاي قۇشلار كۆزىدە،
كەڭلىكلەر باغرىدا مەردانە لەيلەپ.

ھەييامنىڭ رومكىسى قوللىرىمدا كۈل،
«تاش ئادەم» سۆزلىسۇن سەندىن تېپىپ ئەم.
دەردلەنگەن قەلبلەر باھارنى كۆرسە،
چوقۇم خۇش بوپ كېتەر يېڭى بىر ئەتەم.

## يامغۇرلۇق كۈن

تۇمانلار باغرىدىن تۇغۇلدى سەھەر،
ئاھ سېپىپ تاشلىدى قۇياش كۆزنەككە.
ئىڭگەلەپ يىغلايدۇ قۇشلار تېپىرلاپ،
نەملەشكەن دەرەخلەر چۆككەن سۈكۈتكە.

قەلبىمگە قويۇلار دۇنيا تەسىرى،
مەن بىلەن كىملەرنىڭ كارتىنىسى ھەم.
كەلكۈندەك دەۋرىگەن موھتاجلىق ئارا،
غېرىبلىق سەن مېنىڭ سۆيگەن مەھبۇبەم.

پاك - پاكىز يۇيۇلغان قىسمەت كىرلىكى،
كۆرۈنمەس ھېچ نەرسە كۆزۈمگە ھەتتا.
نۇر چاچقان مەنزىرە يوقالدى بىردىن،
روھ بىلەن قەلبىمنىڭ ئارىلىقىدا.

## ئىككىنچى قەۋەت

ئوت شارىغا يېقىنلاشقان تەن،
سېزىمىدە لەيلەر تەنتەكلىك.
ئۇچۇپ كىرەر قىزلار پەسلىگە،
يىگىتلىكنىڭ كەپتەرلىرى جىق.

تەنھالىقنىڭ ئورمانلىرىدا،
قۇش ئۇنىدە ئۇنلەر يۇرەكلەر.
جۇپ لەۋلەرنىڭ يۇمران بىتىدىن،
ئۇنۇپ چىقار چوغدەك چېچەكلەر.

پىچىرلاشقان دەستە - دەستە تەن،
ھاسىل قىلار ئىككىنچى قەۋەت.
باشلىنىدۇ ئەرلەر كوچىسى،
شۇ قەۋەتتىن ھامان تۇنجى رەت.

## بىغۇبار قۇشلاردەك ئاقماقتا پەسىل

خىياللار بەستىدىن چۇشمەكتە غۇلاپ،
تارتىنچاق بەختىنىڭ سۆيۇملۇك لېۋى.
يامغۇردەك تاراسلاپ ياغقان موھتاجلىق،
ئەكىلەر مەستانە ئۆلۇمنىڭ ھىدى.

بۈگۈننىڭ باغرىغا يېقىلغان ئارمان،
ماغدۇرسىز دەملەردىن يۇلقۇنۇپ قاچار.
ئاقارغان يوللاردا يۇلتۇز كارۋىنى،
قاناتسىز چۈشلەرگە قىلىچىن ئۇرار.

بىغۇبار قۇشلاردەك ئاقماقتا پەسىل،
سوغۇق بىر ۋۇجۇدقا تامچىلاپ قەدەم.
سارغايغان قەلبىمدىن يەنە بۈگۈنمۇ،
ئېچىلدى دۇنياغا پىنھان دېرىزەم.

## زەنجىر

مەن
دۇنيا قەغىزى ئۈستىدىكى قەلەم،
يازماقتىمەن ئۆزۈمدەك قىسقا،
مۇھەببەتنى ھەمدە نەپرەتنى،
تۈگىمەيدۇ ئەمما بۇ قەغەز،
يازغانلىرىم پەقەت نەچچە قۇر،
ئەڭ ئاخىرقى چېكىتتۇر يەنە،
توختاپ قالسا ئەگەر تىنىقىم.

مەن
دۇنيانىڭ كۆكىدىكى يىغلاڭغۇ بۇلۇت.
يامغۇرۇمنى تۆكىمەن،
قاقاس چۆلگە، باغقا، قىشلاققا.
چىقىپ قالسا تاسادىپىي شامال،
مېنى پۈركۈپ تاشلايدۇ شۇئان.
كۆك ۋە دۇنيا قالار شۇ پېتى،

يەنە يامغۇر سۆيگەن قىشلاق، گۈلىستان.
مەن دۇنياغا كېلىپ - كەتكۈچى،
قالالماسمەن ئەمما بۇ يەردە،
مەڭگۈلۈككە بولۇپ كۈتكۈچى.

نېمىشقا،
قەلەم، بۇلۇت بولۇپ قالىمەن؟
يازمىسام دۇنياغا ئۆزۈمنى،
ئادرېسسىز قالامدۇ دۇنيا.
تۆكمىسەم ۋۇجۇدۇمدىن يامغۇرنى،
گۈلىستانلار بولامدۇ نابۇت.
قىسقا ياشاش بەختتۇر دېمەك،
ئەمما مۇشۇ قىسقا زەنجىردىن،
دۇنيا مەڭگۈ بارار ئۈزۈلۈپ.

## ياشلىققا شېئىرلاش

مەن ساڭا ئېرىشتىم — قۇتقا ئېرىشتىم،
سېنىڭدىن بەرمەكچى بولدۇم ئەلگە نەپ.
ۋاقىتتىن ئەقلىنى ئالدىم، ئېگىشتىم،
ياتمىدىم تۇترۇقسىز خىياللارنى يەپ.

سەن بىلەن يول يېپىش بولدى نىشانەم،
جاپاغا ئۆتۈندۈم ھاياتىمنى مەن.
كۈلسۈن دەپ ساپ تەردىن بەخت رىسالەم،
بەرمىدىم چارچاش ۋە ھېرىشلارغا تەن.

خەلقىمنىڭ ئۇمىدى بولدى يۆلىكىم،
شۇڭلاشقا مەردانە باستىم قەدەملەر.
ياشلىقىم شېخىدا سەرخىل چېچىكىم،
مېۋىگە قول سوزدى گۈلگۈن سەنەملەر.

قانداقچە ياشاشنى ئۆگەندىم ھەرئان،
ۋەتەن ۋە مىللەتنى پۈكۈپ قەلبىمگە.
ئىجادنى ئۆزۈمگە ئەيلەپ پاسىبان،
يول ئالدىم كەلگۈسى نىشان — پەللىگە.

ئىشەنگىن ياشلىقىم ماڭا ھەر قاچان،
قىلماسمەن ياشاشتا سېنى شەرمەندە.
سەن باركى تېنىمدە، ئەقلىمدە ھامان،
مەن غالىب سەركەردە جەڭدە — كۈرەشتە.

## ئۆلسەم

كى بەختىم — ئامىتىم دەيمەن، ھاياتقا گۈل بېرىپ ئۆلسەم،
تۈمەن بۇلبۇل ناۋاسىغا چىمەن — گۈلزار بېرىپ ئۆلسەم.

ئانامنىڭ ئاق سۈتى سىڭگەن يۈرەكىمنى قىلىپ شامدان،
كۆزۈمنى نۇر - زىيا ئەيلەپ گويا شامدەك ئېرىپ ئۆلسەم.

قۇچاقلاپ قانمىدىم ئەسلا ۋەتەننىڭ گۈل - گىياسىنى،
سۆيۈشكە ئەرزىگەي مىڭ رەت يەنە قۇچاق كېرىپ ئۆلسەم.

تىرىكلىك بەلگىسى شانىم، ئاۋامغا قۇل بولۇپ ئۆتمەك،
شۇ قۇللۇق ۋەسلىدىن دەرمان تېپىپ ئاخىر قېرىپ ئۆلسەم.

ئىجادنى روھىمغا ئەيلەپ، داۋانلار ئاشمىقىم بەرھەق،
ماڭارغا يول ئېچىپ تاغنى قىلىپ چاك - چاك يېرىپ ئۆلسەم.

يۇمۇلغاي كۆزلىرىم قانداق، ھاياتنىڭ يولىدا غەمسىز،
ئۆتۈپ، ئەل-يۇرت— يارەنلەرگە بېرىلمەي نەپ چىرىپ ئۆلسەم.

## كۆرۈنگەن تاغ

سايەڭ بۇدەم چۈشتى بېشىمغا،
بەختتەكلا كەتتىم سۆيۈنۈپ.
قۇياش تامان كېتىۋاتىمەن،
قىيپاش نۇرى تۇرار كۆرۈنۈپ.

يىراقلىدىم جىمجىت خانەمدىن،
بىزارلىقنى كىمگە ئېيتىمەن.
يىراق ئەمەس مەندىن خۇشاللىق،
دەپ شۇ تاپتا ناخشا ئېيتىمەن.

يېقىنىڭدا، يېقىن جايدىمەن،
كۆزلىرىمنى كەتتى ئىشقىڭ يەپ.
بىر بەختنىڭ نۇرى سېيماسى،
ۋۇجۇدۇمغا شىۋىرلىدى گەپ.

كۆرۈنگەن تاغ، ئېھ كۆرۈنگەن تاغ،
يارىلىشنى ئىزدىگەن قۇياش.
كۈتمەكتىمەن قايتا كۈلۈشنى،
كۆكلىرىڭگە قويۇپ مانا باش.

# كېرەك ساڭا غەيرىتىم

يىغلامدىكىن بىلمىدىم ئۇۋىسىدا ئانا قۇش،
بالىلىرى ئۆزىنى تاشلاپ كەتسە يىراققا؟
بىراق، ئۆزۈڭ ئۇستازىم ھاياجاندا ياش تۆكتۈڭ،
قايتقىنىمدا خوشلىشىپ يىراقتىكى قىشلاققا.

شەرىپىدۇر باغۋەننىڭ كۆچەتلىرى، مېۋىسى،
شۇنىڭ بىلەن ھاياتتا قالماس بەلكى ئارمىنى.
ئىشەن ماڭا ئۇستازىم، ئۆزۈڭ بەرگەن شەربەتتىن،
سۇندۇم ئەلگە تۇنجى رەت شېخىمدىكى ئالمىنى.

تۇرغىنىدەك بۇلدۇقلاپ پامىردىكى بۇلاقلار،
دالىلارغا، چۆللەرگە بوستانلارنى قىپ گىرىم.
قەلبىڭدىكى ھېكمەتلەر شۇ بۇلاقتەك ئۇستازىم،
جەمئىيەتكە سۇنماقتا ئەۋلادلارنى بېجىرىم.

شاھ تاجىسى ئەمەستۇر سېنىڭ كىيگەن تۇمىقىڭ،
ئەمما، قىلار شاھقا تەڭ سېنى ئەلنىڭ باھاسى.
ئۇستازىم سەن يورۇتقاچ ئەما دىلنى مېھرىڭدە،
مەزمۇن تېپىپ كۆلمەكتە يۈرەكلەرنىڭ ساداسى.

پۇل ئالمايسەن يا ئالتۇن (ئايان ماڭا ئۇستازىم)،
ماڭا قىلغان ئەجرىڭگە سۇنسام ئۇنى تىزلىنىپ.
كېرەك ساڭا غەيرىتىم، چوقۇم رازى بولىسەن،
ماڭسام مۇشكۇل يوللاردا ئەل بەختىگە ئىز سېلىپ.

## بۇ ئەمەس مېنىڭكى ياشلىقىم ئەي جان

ساماننىڭ چوغىدەك ۋالىلداپ تۇرغان،
بەھرى يوق، يالقۇنسىز چاكىلداتقان كۆز.
بۇ ئەمەس مېنىڭكى ياشلىقىم، ئەي جان،
ۋولقاننىڭ تەپتى قەلبىمدە شەكسىز.

يولۋاسنى كۆرگەندە تۇلكىدەك چانغان،
توشقاننى كۆرگەندە بولغان ئاڭا شاھ.
بۇ ئەمەس مېنىڭكى ياشلىقىم، ئەي جان،
ھەممىگە مەردلەرچە سالىمەن نىگاھ.

ئەمگەكتىن سەسكىنىپ يىراققا قاچقان،
باھاردا كۈز كۈتۈپ ئۇخلىۋالغان جىم.
بۇ ئەمەس مېنىڭكى ياشلىقىم، ئەي جان،
مېھنەتكەش بالىمەن، ئەقلى بېجىرىم.

ئاغزىدا نى گۈزەل شەھەرنى سالغان،
پو ئېتىپ ھەممىشە بىنىشان يۈرگەن.
بۇ ئەمەس مېنىڭكى ياشلىقىم، ئەي جان،
ساددىلىق، راستچىللىق دىلىمدا كۈلگەن.

دوستى دەرد چەككەندە شادىمان بولغان،
دۈشمەنگە باش ئۇرۇپ ئەيلىگەن تەزىم.
بۇ ئەمەس مېنىڭكى ياشلىقىم، ئەي جان،
جىگەرلىك بىر ياش مەن ۋىجدان ئۇستازىم.

پۇشايمان دارىنى كۆتۈپ ئولتۇرغان،
ئالتۇندەك پۇرسەتنى ئۆتكۈزگەن بىكار.
بۇ ئەمەس مېنىڭكى ياشلىقىم، ئەي جان،
ياشلىقىم ئىشەنچكە تولغان، ئۇمىدۋار.

## قايتىپ كەلسە بالىلىقىمىز

كېلەتتىڭ شۇ يولدىن قونچاق كۆتۈرۈپ،
ئۆستەڭگە چۆمەتتۇق تارتىنماي بىللە.
سېكىلەك چېچىڭنى قوياتتىم ئۆرۈپ،
ئاپتاپقا قاقلىنىپ قىرغاقتا يەنە.

قولۇڭدىن نېنىڭنى قاچاتتىم ئېلىپ،
يىغلايتتىڭ بەرمىسەم «قىرقىراپ» شۇئان.
باراتتىم ئۆيۈڭگە ھەم ھاپاش ئېتىپ،
يالىڭاچ شەكلىدە پەرۋاسىز ھامان.

قېنى شۇ چىغىر يول ۋە تونۇش ئۆستەڭ،
ئۇ يەردە قالدۇرغان ئەستىلىك چاغلار.
چۆلسىرەش ئىلكىدە قۇترايدۇ ھەر رەڭ،
كۆك تەرگەن ئېتىزلار، گۈل ئۈزگەن باغلار.

بۇرۇتۇم خەت تارتىپ يىگىت ئاتالدىم،
سەنمۇ ھەم ئايلاندىڭ چىرايلىق قىزغا.
كەتكەندەك بىلىندى قولدىن ئامىتىم،
ئۆتمىسەڭ ئىشكىمدىن، چىقمىساڭ سۇغا.

ئاھ! قايتىپ كەلسىكەن شۇ گۆدەك چاغلار،
ئۆتسەككەن تارتىنىش دېگەننى بىلمەي.
توپىدا ئۆي ياساپ، ئەر - خوتۇن بولۇپ،
يايرىساق شۇ پېتى خۇشال، دەرد چەكمەي.

## بولالامسەن شائىرغا ئايال

مېڭەم چارچاپ ھارغىنلىق يەتتى،
يېزىش ئىشقى قەلبىمدە خۇدا.
ئارمانلىرىم يىراققا كەتتى،
مىسرالاردىن بولغۇم يوق جۇدا.

سوراقلاردىن قاتتىدۇ بېشىم،
بىر سىنىلا سۆيسەممۇ بىراق.
چۈشەنمەيسەن كۆڭلۈمنى جېنىم،
پاك قەلبىمدىن چىقىرىپ چاتاق.

شائىر قەلبى ھەممىگە ماكان،
مەۋھۇم ھېستىن تاپىدۇ ۋىسال.
قىلساڭ گۇلۇم ئورۇنسىز گۇمان،
بولالامسەن شائىرغا ئايال.

## شائىرلىقىم چانار ئالدىڭدا

دېھقان
سەن زېمىنغا خوجايىن — خاقان،
زېمىن كۇلەر ساپ تەرىڭ بىلەن.
نېمەتلىرىڭ ياسايدۇ كۇندە
ھايات ئۇچۇن ھوسۇللۇق خامان.

سېنى كۈيگە قاتمىغان شائىر
مېنىڭچە يوق دۇنيادا دېمەك.
ئەجرىڭ ئۈچۈن پۈتۈلدى داستان،
سەن ئاجايىپ قەيسەر ئوت يۈرەك.

تومۇز ئىسسىق
ئورما ئۈستىدە،
كۆيۈپ كەتتى يۈزلىرىڭ شۇتاپ.
پېشانەڭدىن تامچىلار تەرلەر،
مۈكچەيگەن شۇ يەلكەڭنى بويلاپ.
ئۇسساپ كەتتىڭ، چارچىدىڭ ئەمما،
ياشاش ئۈچۈن، ياشاتماق ئۈچۈن.
تىرىشىسەن ھەممىگە چىداپ.
سەن ئۈچۈن كۆپ داستانلار يازغان،
شائىرلار يوق يېنىڭدا بۇ دەم.
ئورغىقىڭنى ئالالماس ئىسسىت،
قاداق باسقان قولۇڭدىن بىر دەم.

دېھقان،
سەن ئۇلۇغ ئىنسان، سەن ھەم ئۇلۇغ شائىر،
ھاياتلىق ئۈچۈن يازىسەن داستان.
داستانىڭنىڭ ھۆزۈرى بىلەن،
كۈلەر تالاي شائىر — غەزەلخان.

دېھقان
نەزىرىمدە بۈيۈك شائىرسەن.
شائىرلىقىم چانار ئالدىڭدا،
شاگىرتىڭمەن تۇتقىن يادىڭدا!

# ئېھ يېشىل مۇھەببەت

ھاياتتا، سۇبھىدەك كۇلۇپ ئويغىنىش،
نەقەدەر سۆيۈملۈك بۇنداق بۇ ئەسنا.
ئارچىلار بەرگىدە يېشىل تويلىشىش،
چەكمەكتە ئىلھامىم تارىنى گويا.

شەلپەردەك قۇتلۇق دەم تۆكۈلەر تاڭدىن،
زەر ھالقا كۆزىدەك نۇرلانغان كەپەم.
كېزىمەن شادلىنىپ سۇپسۇزۇك ئاڭدىن،
ئالقىشقا كۆمۈلەر قەدىمىم — پەتەم.

ئاققۇدەك يامرىغان پادىلار توپى،
ياپيېشىل چۆپلۈككە، چايقىلار سەراپ.
قارىغاي ھۆسنىدە تەبىئەت زوقى،
ئۆڭمەس بىر گۈزەللىك تۇرىدۇ چاقناپ.

كۈمۈش رەڭ چوققىلار بوشلۇقنى تىرەپ،
ئاق مانان ئىچىدە بولىدۇ غايىب.
سۆڭەك نەي ئەۋجىدە قەلبىنى بىلەپ،
كۈي قاتار چوپان قىز سېھرى ئاجايىپ.

بۇ يايلاق، بۇ مېنىڭ تۇغۇلغان يېرىم،
قەلبىمگە مېھرىلىك ئوغۇزى تامغان.
چىگىلگەن بەرگىگە يۇمران دىل قېتىم،
شېرىن بىر ئېچىكىش قوينىغا ئالغان.

ئۇ گويا بەختىمگە ئالتۇن بوسۇغا،
قۇيۇچتەك قەددىنى، قەددىمگە بەرگەن.
يۈلدى يۇكسەككە، ئەرش - ئەلاغا،
دىلىمغا بىھېساب ئەقىلنى تەرگەن.

بايلىقىم بار ھامان يايلاق كەبى كەڭ،
ئېھ يېشىل مۇھەببەت، چېكىدۇ دىلتار.
بېرىمەن ئىجادتىن قىيالارغا رەڭ،
شۇ رەڭلەر ئەكسىدە ھايات جىلۋىدار.

## ھىجران ناخشىسى

لەۋلەردە قىپقالدى مەززىلىك بىر تەم،
قىسمەتلەر تاشلىدى قەلبىمىزگە مۇڭ.
بەختلىك كۇنلەرنى تىلەيتتۇق ئەركەم،
ئاھ بۇگۇن ئاجرالدى بەرگىمدىن قولۇڭ.

بىلىمەن كۆز ئاچقان ساڭا ساددا خۇي،
بۇ مېنىڭ بايلىقىم، ئامىتىم دەيتتىم.
كىرمىگەن قەلبىڭگە مەندىن باشقا ئوي،
سەن بىلەن ھەمىشە تاڭدەك كۇلەتتىم.

مۇھەببەت ئىلاھى ئاشۇدۇر بەلكىم،
يۇرەككە تۇيدۇرماي ھارارەت چاچقان.
ھارارەت ئىچىدە ياشىسا ھەركىم،
نەقەدەر سۆيۇملۇك بۇ ھايات، بۇ جان.

ۋەلېكىن ئامرىقىم، ئاناڭ باغرى تاش،
بەختىڭگە، بەختىمگە قۇردى ئاھ توساق.

يوقمىدۇ سۆيگۈدە سوتچى ياكى باش،
شۇنداق بىر ئەتمىشنى قىلىشقا سوراق.

ئايرىلدۇق ئومىقىم، يۇتۇپ مۇڭ - ھەسرەت،
ئاسانغا توختامدۇ ئۇنتۇش، ئۇنتۇلۇش.
بىزنىڭ بۇ قىشلاقتا ياشناپ مۇھەببەت،
قاچانمۇ كۆز ئاچار ئەركىن تويلۇشۇش! ؟

## يوقاتمايمەن ئالدىراپ

ياشلىقىمنى يوقاتمايمەن ئالدىراپ،
تىزگىنى بار ئۇنىڭ بىرجۇپ قولۇمدا.
غايەم يانار قۇياش كەبى يالتىراپ،
مەنزىلىمنى نۇرلاندۇرۇپ يولۇمدا.

ياشلىقىمنى يوقاتمايمەن ئالدىراپ،
ئىرادەمنىڭ باردۇر تاغدەك جەزبىسى.
تىغ ئۇرىمەن توسقۇنلارغا، قانسىراپ
جان بېرىدۇ، خىرىسلارنىڭ ھەممىسى.

ياشلىقىمنى يوقاتمايمەن ئالدىراپ،
ئۇنى تەر ۋە ئىزدىنىشتە ساقلايمەن.
ئەلگە بولغان ساداقەتنى ياقلاپ،
گۈل ۋەتەننىڭ ئۈمىدىنى ئاقلايمەن.

ياشلىقىمنى يوقاتمايمەن ئالدىراپ،
ئۆزگىلەردەك ناپاك ھېسقا بولۇپ يەم.
ئىجاد، ئەجىر - مېھنىتىمدىن باغ ياساپ،
كۈلدۈرىمەن ئەل - يۇرتۇمنى دەممۇدەم.

ياشلىقىمنى يوقاتمايمەن ئالدىراپ،
يوقالسىمۇ تەندە كۈچ ۋە مادارىم.
ياشلىق — ئىجاد، ياشلىق — سۆيگۈ، نۇر ئاپتاپ،
ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈلىدۇ باھارىم.

ياشلىقىمنى يوقاتمايمەن ئالدىراپ،
ئىشىنىڭلار ماڭا شەكسىز دىلداشلار.
چۈنكى ماڭا ماڭماقتا ئۇ يول باشلاپ،
قەلبىمدىكى ئارسلان كەبى قۇتراشلار.

## پاتراق تويۇڭ بولسىكەن دەيمەن

سەن تاشلىغان سۆيگۈ ئوتىدىن،
يۈرەك تېخى سوۋۇغىنى يوق.
مەن يېمىدىم، ۋىجدان سوتىدىن،
يېدىڭ تاياق، بەلكىم گۈل بويلۇق.

ئارمىنىمغا يەتمىدىم، بىراق،
يەتتىم ئۆزگە قىزنىڭ ۋەسلىگە.
دادا بولۇپ قالدىم بۇ سىياق،
مەزمۇن قوشۇپ ئىنسان نەسلىگە.

ئەمما ئۆزۈڭ ھازىرغىچە تۇل،
قالدىڭ تەنھا مۇڭغا بۆلىنىپ.
سەن پەس كۆرگەن (مەن ئاددىي ئوغۇل)
بارماقتىمەن گۈلدەك نۇرلىنىپ.

تەقدىرىڭگە ئۆكۈنىمەن ھەي،
سۆيمىسەڭمۇ، غېمىڭنى يەيمەن.

شەيتانلارغا كۆڭلىنى بەرمەي،
پاتراق تويۇك بولسىكەن دەيمەن.

## ئۆزگىنى كۆر، ئۆزۈڭنى كۆزەت

ماختانمىغىن ئۆز - ئۆزۈڭدىن بۇرادەر،
ماختانچاقلا قاپاش ئەمەس بۇ جاھان.
قۇچاي دېسەڭ ئىشلىرىڭدىن شان - زەپەر،
بەرگىن ئاۋۋال ئادەملىكتىن ئىمتىھان.

ئادەم بولماق ئۆز - ئۆزۈڭگە شاھ بولماق،
مەزمۇت شۇنداق سىنىڭ ئوردا قەسرىڭ.
قەلبىڭ گۈزەل، بولسا كۆڭلۈڭ قاردەك ئاق،
ئۆچمەس نۇرلار چاچار هايات ئەسرىڭ.

دەسمايىسىز ئەگەر قۇرۇق ماختانساڭ،
بىزار بولۇر سەندىن ئەل - يۇرت، دىلكىشىڭ.
ئۆز قەدرىڭنى، تەر - ئەجرىڭدىن تاپمىساڭ،
ۋەزنىڭ قۇرۇق قالار ھەتتا كەملەپ جىڭ.

ئۆزگىنى كۆر، داۋالىغىن ئۆزۈڭنى،
كۆزەت، ساڭا بىرەر ئەينەك چىن رىئال.
قۇۋۋەتلەيدۇ شۇ چاغ ئەلمۇ سۆزۈڭنى،
قۇچساڭ شەرەپ ئىشلىرىڭدىن ئېچىپ پال.

## جۇۋان قەسىدىسى

قەلبىمگە دەملىنەر ناۋاتتەك ئازاب،
بەھرىڭدە سۇندۇ ئاپئاق ئىستاكان.

كۆڭلىرىم قەرەلسىز كەتمەكتە يادلاپ،
ئالدىنىپ جىلۋەڭگە شەپقەتسىز جۇۋان.

ئاغزىڭدا ئېرىيدۇ جىلۋىلىك سۆيۈش،
قەلبىڭدىن كېلىدۇ زەھەرنىڭ ھىدى.
كۆكلەيدۇ دىلىمدا ھەقىقىي كۆيۈش،
مېنىڭدىن ئۈنىڭغا، پىنھان ئەبەدى.

روھىڭنىڭ قەبرىسى سالار ھالاكەت،
قېنىمغا ئۆيۈيدۇ ئەركسىز ھايات.
بىنازىل مەن ئۈچۈن سۆيۈلۈش پەقەت،
يوللىرىم ئىلكىڭدە ئەيلەنگەن مامات.

ئېھ، بەخت بار يەرگە قايتىمەن ھامان،
ئۇ يەردە، قىز بار گۈزەل ۋە مەسۇم.
خەيرىيەت، خوش ئەمدى، شەپقەتسىز جۇۋان،
كىشنەيدۇ سەن تامان ئەتە بىر ئۆلۈم…

## قايتۇرۇپ بەر…

قايتۇرۇپ بەر كۆلكەمنى ماڭا،
يات قەلبىڭدە بولمىسۇن خاراب.
يىغا چايناپ ئۆتمىسۇن كۆزۈم،
سۇنغان كۆلكەم بەستىگە قاراپ.

قايتۇرۇپ بەر قەلبىمنى ماڭا،
يات قەلبىڭدە ئىچمىسۇن زەھەر.
جۇشقۇنلۇقنى يوقىتار ھايات،
يالقۇنىدىن ئايرىلسام ئەگەر.

قايتۇرۇپ بەر ئۆزۈمنى ماڭا،
ئالدىنىشتا يۇرمىسۇن تىنتىپ.
رىئاللىقنى چۈشەنگىن سەنمۇ،
سۆيۈلگۈم يوق بەختىمنى سېتىپ.

## بەخت ۋە بەختسىزلىك

بەخت مېنى يىراق شەھەردىن،
باشلاپ كەلدى سېنىڭ قېشىڭغا.
مېنى سۆيۈپ تۇرغان كۆزۈڭدىن،
ئاڭلانماقتا قەلبىمگە يىغا.

بەختلىك بوپ ياشىغىنىغا،
قانچە ۋاقىت بولدى بىلمەيمەن.
قۇياش ماڭار ئايىنىڭ ئىزىدىن،
ئايمۇ دەيدۇ ئۇنى ئىزدەيمەن.

مۇزىكىدەك مۇڭلۇق بۇ ھايات،
داۋاملىشار ھەركىم تىلىدا.
سوزۇلىدۇ بىر بۇزۇلغان چۈش،
ساڭا مەپتۇن بولغان دىلىمغا.

قەتلە قىلىپ بەرگۈم كېلىدۇ،
مەن ئۆزۈمنى ساڭا بەخت - نۇر.
بەختسىزلىك دەيدۇ ياشاپ قال،
بۇ شەھەردەك بولۇپ ماڭا قۇل.

## ئىنساپسىزغا

گۆھەر سېنىڭ، تاش مېنىڭ سەن تەرەپتىن سۆزلىسەم،
زەمزەم سېنى، لاي سۇنىڭ خېرىدارى مەن ھامان.
«شۈكرى» قىلىپ بارىمغا، ھەرنەرسىنى ئۆتۈنسەم،
قالدىم سەپنىڭ كەينىدە بولۇپ مانا يېرىمجان.

تۇز نىيىتىم، تۇز كۆڭلۈم يول بەرگەچكە ئېتىكىغا،
ئۇتۇپ چىقتىڭ بەيگىدە، ئاشتى يەنە ھۆرمىتىڭ.
ئېلىنماسمەن شۇ تاپتا سېنىڭ نەزەر - دىتىڭغا،
ياۋاشلىقا باغلانغان ئېتىقادىم تۇرسا چىڭ.

«ئىنساپ» دېگەن بۇ سۆزنى قىلاي ساڭا ھەدىيە،
بولدى ئەمدى ئىنساپ قىل، بۇزۇلمىسۇن رىشتىمىز.
باغلىغانتىم ئۆزۈڭگە ئۇزاقلاردىن ئەقىدە،
جېنىم قوشنام ئويلىغىن بىر ئەمەسمۇ يولىمىز.

## مەڭگۈلۈك سۆيۈش

ئانا،
ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقىدا
سۈت دەرياسى ئاقىدۇ بالقىپ.
مەن بەختىنىڭ بېلىقلىرىنى،
باقماقتىمەن قەلبىمدە شۇتاپ.

كېچىلەر،
سېنىڭ ئاشۇ يىگىنەڭنىڭ يىپى.

بەلكىم مومام قالدۇرغان ئانا
ھاياتلىقنى ياماشنى ساڭا.
تىنىم تاپماس بىردەم بارمىقىڭ،
مۇشەققەتنىڭ چېكىنى تىكىپ.

ئانا،
قۇياش ساڭا قاراپ كۈلىدۇ،
تاغلار ھەتتا ساڭا چوقۇنار.
دەريالارنىڭ مۇزىكىسىدا
سېنى كۈيلەپ ئاققان ناخشا بار.

يايلاق كۈلەر يېشىل كۆزىدە،
مېھرىڭ يالقۇنى جۇش ئۇرار.
قوزىلارنىڭ مەرەشلىرىدە.
......
ئېھتىمال
مەنمۇ ئادەم بولۇپ قالغاندىمەن،
قۇيالماستىن بىر پىيالە چاي.
مۇشۇ قۇرۇق سۆلىتىم بىلەن
بەللىرىڭنى مۈكچەيتكىنىم راست.

بىراق
ئانا، ئىشەنگىن ماڭا.
كۈلۈپ تۇرغان يۈرىكىم بىلەن
ئۇلۇغلايمەن ساددىلىقىڭنى.
پەرىشتىدەك گۈزەللىكىڭنى،
سىزىۋېلىپ ھايات بېتىمگە،

مەڭگۈ - مەڭگۈ ساقلايمەن ئۇنى،
چوقۇنغاندەك خۇداغا ئەبەد.

## بىر ئۆيدە بىر چىراغ

تۇنقۇنمەن كۆرۈنمەس يوقلۇق ئىچىگە،
ياشايمەن شۇ سەۋەب جېنىمدىن ھالقىپ.
بۇنى مەن ئېيتمىدىم تېخى كىشىگە،
يۇرمىسۇن دەپ ئۇنى «چۆچەك» تارقىتىپ.

سۇكۇت ۋە ئۈمىدنىڭ قوقاسلىرىدا،
روھىمنى قىيما قىپ سالىمەن كاۋاپ.
قىسمىتىم باغرىنى قىلىشىپ يارا،
كىملەردۇر ۋە يەنە چەكمەكتە ئازاب.

ھەممىنى كۆرىمەن يوقلۇق ئىچىدىن،
ئاق، قارا ھەر نەرسە شۇقەدەر ئېنىق.
تاراسلاپ ياغماقتا ئۇزاق كېچىدىن،
بىھوشلۇق، بىر ئۆيدە بىر چىراغ يېنىق.

## ئادەملىكىم

تەن بەرگىنگە قونغان روھ ئارا،
ئادەملىكىم قالدىڭ تېپىلىپ.
قۇياش قوغلاپ قىشلاقلىرىمدا،
ئوينىۋالغىن بىردەم ئېچىلىپ.

ھايات بالقىپ ئۇچار كۆزۈڭدىن،
قونۇپ، سايرار ئالەم شېخىغا.

مۇھەببەتنىڭ تاقىم ئارىلى،
چۆمۈۋالغان ئوكيانلىرىڭغا.

بوشلۇق ئارا تاشلار كەڭ غۇلاچ،
قۇشلار ساڭا باشلاپ ماڭسۇن يول.
تاغلىرىڭدىن ياشاشنى ئۆگەن،
غۇرۇرۇڭنى قىلىپ مونوپول.

دىل سوۋۇتۇپ ئازغۇن ھېسلارغا،
ئۆز - ئۆزۈڭنى ئەيلىمىگىن خار.
ھېكمەتلەرنىڭ سىم - سىم يامغۇرى،
گۈللىرىڭنى سۇغارسۇن تەكرار.

ئادەملىكىم ئېھ ئادەملىكىم،
ھەر نەرسىدىن مەشھۇرسەن مەشھۇر.
شۇڭا ياشاش خىرىسلىرىدا،
بىل، مەيدەڭنى ھامان كېرىپ تۇر!

## كىچىككىنە خوشلىشىش چېيى

قالدى ئەمدى بۇ شەھەر ساڭا،
گويا مەندەك تەبەسسۇم قىلىپ.
مەن قايتىمەن يىراق سەھراغا،
دەردلىك ھېسنى قەلبىمگە تىڭىپ.

ئارمانلارنى كۆكلەتكەن ئىدىڭ،
سۆيگۈ بىلەن قەلبىمدە تېرەن.
بۇ يەردىكى سۆيۈملۈك ئايدىڭ،
شېرىن دەمگە چۆمەتتى بىلەن.

گۈزەل ئىدى سەيلىلەر بۇندا،
بىزگە ئوخشاش كۆلەتتى ئورمان.
شامال سۆيگەن ياپراقلىرىدا،
قەلبىمىزنى ھىدلايتتى لەرزان.

ئەپسۇس، يەنە شۇلارغا سىرداش،
بولالمىدۇق، بولالمايمىز ھەم.
يۈرەكتە داغ قالدى — بىر ئالداش،
بېرەلمىدىم بەختىڭنى ئەركەم.

ئۇنتۇپ كەتكىن، ياش تۆكمە جېنىم،
كەچۈر مېنى ئۆتسە گەر سەۋەن.
بەختلىك بوپ باقمىغان ھېچكىم،
قايسى ئاشىق ۋىسالغا يەتكەن.

كېتەر بولدۇم ئاۋغۇستنىڭ ئېيى،
ماتەم بىلەن يېنىڭدىن سېنىڭ.
كىچىككىنە خوشلىشىش چېيى،
بولۇپ قالسۇن شېئىرىم مېنىڭ.

## ياشلىرىمدەك كەلمەكتە ئېقىپ

شىرازىدەك ياشارمەن بەلكىم،
نەچچە ئەل - يۇرت تاغلارنى كېزىپ.
يا يېسىنىندەك ئاخىرقى قېتىم،
دۇئېلىڭغا قالارمەن بېرىپ.

بەخت قاچار يىراققا جەزمەن،
تاپىنىمدىن ئاقار يەنە قان.
هايات زوقى — ئەبجەش تۈگمەن،
قايناپ تۇرار بوغۇزۇمدا جان.

پەقەت بىر رەت پۈتۈلمىشىم بار،
ياشلار تۆكەي ياكى شادلىناي.
سەن قىلمايسەن بۇڭا ئېتىبار،
يۈزسىز ئالەم، شەپقەتكە گاداي.

مەن يەنىلا باغاقسىز مېھمان،
بارماقتىمەن قۇملارغا سىڭىپ.
چۈشكۈن هېسلار بولۇپ سەرگەردان،
ياشلىرىمدەك كەلمەكتە ئېقىپ.

## سالام ساڭا سۆيۈملۈك ئەتە

سالام ساڭا سۆيۈملۈك ئەتە،
سالام مېنى ئۇنتۇغان بۈگۈن.
ساڭا سوۋغا بوپ قالسۇن ئەسلىم،
ئوخشىمايدۇ ئەتىكى بۇ كۈن،
ئوخشىمايمەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم.

چېچەكلەيدۇ يوللىرىم ئەتە،
مېۋىلەرگە تولىدۇ كوچام.
يىغىسىدىن توختايدۇ بوۋاق،

بەلكى قايتىپ كېلىدۇ ئانام،
بەكمۇ گۈزەل تۇرقىدا يەنە.

ئىسىۋالار بەختلىك تۇمار،
تاغلار يەنە بۈككىدە ئورمان،
قەدىمىدە نۇرلارنىڭ ئاپئاق،
يالتىرايدۇ، سۈپسۈزۈك جاھان،
جەننىتىگە چۆمۈلۈپ جانلار.

دەريا، كۆللەر كۈيلەيدۇ لەرزان،
مۇزىكىدەك يۈرىكى بىلەن.
غەم - قايغۇلار ئۇنتۇلۇپ بىردىن،
ھەممە كۈلەر شادلىقتا تامام،
بەخت كۈلەر ئەتىدە جەزمەن.

## تاغ بالىلىرى

ساددا خىيال بەرگىگە قونۇپ،
بىزنىڭ ئاشۇ تاغلىق دىياردا.
كېپىنەكتەك سەكرىشىپ ئۇلار،
چىقار رەتسىز پاكار ئۆيلەردىن.
كۆكتە ئۇچقان بۈركۈتنى كۆرۈپ،
يۈگۈرۈپ كېتەر ئارقىسىدىن پاھ،
سايىسىنى قوغلاپ توقايدا.

چورۇقىنىڭ يوچۇقلىرىدىن،
بارماقلىرى يۇلتۇزدەك ماراپ.
ياماق چۇشكەن، چوڭلاردىن ئاشقان،

چاپىننى قويۇپ بىشىغا.
ئۇخلاپ قالار ئارچا تۈۋىدە،
ھىرىپ قالسا «بەيگە» دىن تاراپ.

چۈچۈك سۆزلەر دىللارنى ئوۋلاپ،
ئاخشاملىرى قىزىيدۇ ئويۇن.
پەرىشتىدەك چۆچەكچى بوۋاي،
بالىلارنىڭ ئىللىق باغرىغا،
كىرىپ كىلەر يۇمران تۈيغۇدا.
زىرەك، چاققان كىچىك خاقانلار،
بىر - بىرىدىن چىرايلىق بوغۇن.

كەلگۈسىنىڭ تاقەتلىرى تاق،
چىچەكلەيدۇ ئاشۇلار بىر كۈن.
قاناتلارنى تەڭلەيدۇ كۈنلەر،
سالام قىلىپ يوللاردا مىھىر.
ئۇلار ۋەتەن كۈتكەن زەر ئۈمىد،
نۇر تۆككۈسى ھاياتقا گۈلگۈن.

## غەلىبەڭگە تەۋەررۇك ئاپئاق چاچلىرىڭ

(دادامنىڭ دوختۇرلۇق ھاياتىدىكى 30 يىلىنى تەبرىكلەيمەن)

غەلبىنىڭ شامىنى ئۆچۈرگىنىڭ يوق،
يىللارنىڭ قوينىدا، ھەربىر قەدەمدە.
ئىمجانغا قايتا جان بەرمەك چوڭ ئۇتۇق،
بىباھا ساددىلىق مۇجەسسەم، سەندە.

چاچلىرىڭ كۆمۈشتەك ئاقىرىپ تۆگەل،
ماڭلىيىڭ ئارىلاپ قۇچقان چىغىر يول.
بىمارغا چىن مېھرىڭ بولۇپ كەلدى سەل،
لوقمانىنىڭ قولىمۇ سېنىڭدىكى قول.

ئۆتۈپتۇ رەڭ تۈزۈپ ئەللىك باھارىڭ،
ئاق خالات ئۈستۈڭدە ئالتۇندەك چاقناپ.
ئاز ئەمەس، سەن كەزگەن تاغۇداۋانىڭ،
خەلقىڭنىڭ ئىشچۈن ئۆزۈڭنى ئاتاپ.

قېرىلىق يەتسىمۇ قەددىڭگە دادا،
قېرىلىق يەتمەپتۇ مۇھەببىتىڭگە.
شەپقىتىڭ سوغالماس ئېقىندۇر گويا،
گۈللەتتى ھاياتنى، گۈللىتەر يەنە.

## ئۆز بەختىمنى ئۆزۈم تاپىمەن

قەلبىڭنى چۈشىنىمەن، لېكىن ئانا،
يۈرمىگىن ماڭا بەخت تىلەپ يەنە.
ئوغۇل دەپ تۇغدۇڭ مېنى، ئىشەنچ بەردىڭ،
كۆلىمەن ئۆز بەختىمگە بېرىپ مەنە.

ئەجىرسىز قۇچاق ئاچسا ماڭا بەخت،
ئېچىلماي ھايات گۈلۈم توزۇپ كېتەر.
تەمەدە ياشاش نومۇس ئوغلان ئۈچۈن،
شۆھرەتكە ئىگە قىلار ئىنسانىنى تەر.

سۆي ئانا، پېشانەمگە، تەر تۆك، دېگىن،
يەلكەمگە ئارتاي ئەلنىڭ ئېغىرىنى.

ياشايمەن باھادىرلىق خىسلىتىدە،
تاپايمەن شۇ خىسلەتتىن ھۆر بەختىمنى.

## قار ۋە مۇزدا يۇيۇنار قىشلاق

ئەللەي ئېتەر تاغ - زېمىننى قىش،
قار ۋە مۇزدا يۇيۇنار قىشلاق.
ئېگىز - تۆۋەن ۋە تەكشى دالا،
قۇچىقىدا سانسىز ئاق مونچاق.

دولقۇنلىنار يالىڭاچ ئورمان،
سوغۇق شامال ئۆتكەندە سويلاپ.
كەپىلەردىن چىققان كۆل رەڭ ئىس،
ئۇچار تاغنىڭ قاپتىلىن بويلاپ.

تاجىك يۇرتى — سۆيۇملۇك قىشلاق،
جىمجىتلىققا چۆمۇلگەن تۇتاش.
پاك دىللاردىن بالقىغان ئارمان،
باھار ياسار ۋە بۇندا قۇياش.

## يۇرەكتە چايقىلىپ ئوغۇز رەڭ باھار

بىلمەيمەن شەھىرىڭنى سۆيۇملۇك قىزچاق،
بۇ يەرگە كەلگىنىم يېڭىدىن يېڭى.
شەپىسىز قەلبىمگە تاشلىدىڭ سىرتماق،
پارلىدى ئالدىمدا مۇھەببەت ئېڭى.

گەر مېنى باشلىساڭ دىلبەر سەيلىگە،
چىمەنلەر نازغىتىپ قىلارمۇ قوبۇل؟

يا تاشلاپ ھەسەتلىك نىگاھ لەيلىگە،
يۇلتۇزلار جىمىرلاپ ئاقارمۇ ئۇدۇل.

ناتونۇش سايەمنى كۆرسە مۇبادا،
كوچاڭدا چىراغلار قىلارمۇ مازاق؟
پىلىكىم سوزۇلسا تۇيۇقسىز ئارا،
باغلىرىڭ ئاچارمۇ ماڭا كەڭ قۇچاق؟

ئېيتقىنا كېيىك كۆز، ئالتۇن چاچلىق يار،
نۇرلانغان سۆيگۈگە قويۇلارمۇ چەك؟
غەلىتە چايقىلىپ ئوغۇز رەڭ باھار،
مۇھەببەت پەسلىمىز ئاچارمۇ چېچەك.

## گە...

سەن مېنى قويمىدىڭ، قويماسسەن ئويلاپ،
يۇلتۇزدەك چېچىلار تۇندە خىيالىم.
شاماللار ئويناپدۇ مەڭزىمدە سويلاپ،
نۇر تۆكەر كۆز قىسىپ كۆكتە ھىلالىم.

يۇلتۇزدەك چېچىلار تۇندە خىيالىم،
بەلكىم سەن ئۇخلايسەن پەرۋايىڭ پەلەك.
سەۋدانىڭ بىسىدا كېسىلدى ھالىم،
بىر ئاچچىق ئېغراشتا تىن ئالار يۈرەك.

بەلكىم سەن ئوينايسەن پەرۋايىڭ پەلەك،
ئاھ مېنى ياق ... ياق ... ياق سۆيگۈنى ئۇنتۇپ.
تاشلامسەن يا مېنى قىيقويۇپ ھەلەك،
باھارنى كۈتمەيلا قەلبىڭدىن يۇلۇپ.

ئاھ مېنى، ياق ... ياق ... ياق سۆيگۈنى ئۇنتۇپ،
كىم بىلسۇن يۇرەمسەن باغلاردا سەگىپ.
خەتلىرىڭ كەلمىدى، كەتتىڭ يوقىلىپ،
يا بىرسى يۇرەمدۇ ئارقاڭدا ئەگىپ.

## تۇغۇلمىغان بەختىنى تۇغۇپ

تۇغۇلمىغان بەختىنى تۇغۇپ،
بېرەلەمسەن ماڭا ئەي باھار.
ئۆچۈپ كەتتى تۇغۇلغان كۈنۈم،
سەندىن ئۈمىد كۈتكەنچە تەكرار.

تۇغۇلمىغان بەختىنى تۇغۇپ،
بېرەلەمسەن ماڭا ئەي قۇشلار.
پەرۋازىمنى تەرك ئەتمىگەن،
ئورمانلارغا قونۇۋالغۇم بار.

تۇغۇلمىغان بەختىنى تۇغۇپ،
بېرەلەمسەن ماڭا ئەي يوللار.
مەنزىلىمنىڭ يىراق چېتىدە،
مەن تەلپۈنگەن يېڭى بىر ئوي بار.

تۇغۇلمىغان بەختىنى تۇغۇپ،
بېرەلەمسەن ماڭا ئەي قۇياش.
بوۋام روھى سىڭگەن ئۇپۇقتا،
تېڭىرقاشتا يۇرمەكتە بىر ياش.

تۇغۇلمىغان بەختىنى تۇغۇپ،
بېرەلەرمۇ ماڭا ھەممىسى؟!

شىۋىرلاشلار كەلمەكتە سىڭىپ،
ئىيھ، چۈشۈمنىڭ كۆتكەن ئەتىسى.

## بىر سۆيگۈ بار قەلبىمدە يارقىن

ئالما بولۇپ ئېرىقىمدا سەن،
كەل، مەن تامان لەيلىگىن — ئاققىن.
دەيمەن، ئۈنسىز رەۋىشتە هامان،
بىر سۆيگۈ بار قەلبىمدە يارقىن.

كەل، مەن تامان تۇتاشتۇرۇپ ئوت،
تىلەكلەرگە مېھرىڭنى چاچقىن.
ياغسۇن هايات بوستانىغا قۇت،
بىر سۆيگۈ بار قەلبىمدە يارقىن.

كەل، ۋىساللىق دەملەرگە، كۆتەي،
تەنھالىقنى قول قىلىپ ساتقىن.
ساڭا مەڭگۈ سادىق بوپ ئۆتەي،
بىر سۆيگۈ بار قەلبىمدە يارقىن.

## باشقىلارنىڭ بولۇپ كەتتىڭ، هەي…

قويۇپ مېنى مەغلۇبىيەتتە،
باشقىلارنىڭ بولۇپ كەتتىڭ، هەي. . .
ئۆرتىنىشتە يۈرەك مىڭ دەردتە،
ئۆتتى، ئۆتەر لەززەت سۈرەلمەي.

مەن قىزغىنىپ سېنى كىملەردىن،
تونەشلەردىن ئاتتى تالاي تاڭ.

رەنجىپ قەلبىم سۇنۇق كۆيلەردىن،
غايىب بولدى «ۋىسال» دېگەن ئالڭ.

قالالمىدىم سىنىڭ بولۇپ مەن،
بەختسىزلىك شۇدۇر ئېھتىمال.
بەخت قۇشۇم بولالمىدىڭ سەن،
ئۆزگە شاخقا قوندۇڭ شاد — خۇشال.

باشقىلارنىڭ بولۇپ كەتتىڭ، ھەي...
قىسمىتىمگە پۈتۈن شور - تۇپراق،
ئارمان قىلىپ ئارمانغا يەتمەي،
ياشايدىغان ئوخشايمەن شۇنداق.

## تۆتىنچى ماي سائەت ئىككىدە

ئەسلەپ قالدىم ئۆزۈمنى بىر رەت،
سەنلا ماڭا تونۇش قەدىردان.
ئۆتۈپ كەتتى كۆنلەر چۈش كەبى،
قۇچاقلاشتا سوغ ۋە زىمىستان.

مەن كىم دېگۈم كەلدى پىچىرلاپ،
تۇرسا قەلبىم بوش ۋە قۇپقۇرۇق.
يىغلاپ سالما يېشىل ئۈمۈچۈك،
بولغۇچە سەن تورۇڭنى توقۇپ.

يوقالدىڭمۇ مەندە مەۋجۇتلۇق،
يوقالغاندەك ماڭا تەۋە قۇت.
ئەسلەش مۇمكىن، ماڭا ئۆزۈمنى،
ھەسرەتلەرگە تۇتاشتۇرۇپ ئوت.

بالىلىقنى قالدىم سېغىنىپ،
بىرسى ماڭا سوۋغا قىلدى تاش.
تەبرىكلىدىم مەنمۇ ئۆزۈمنى،
كۆزلىرىمگە ئېلىپ ئىسسىق ياش.

## ئامەت

قاچىسەن مېنىڭدىن ھەمىشە، ھەررەت،
كۈندۈزۈم ئىلكىڭدە چۈشەيدۇ كېچە.
ئاھ مېنىڭ بىر تۇتام يارالغىنىم راست،
يىلتىزىم پېتىقلىق قۇمغا تېخىچە.

بەرگىمگە نۇر قونسا دەيمەن ۋە لېكىن،
شۇ تونۇش كۈنلۈككە ئېرىيدۇ قۇياش.
چېقىلغان دېرىزە، ئىشىكلەر ئوچۇق،
سەن قاچقان تەرەپتىن كېلىدۇ كۆز ياش.

قۇپقۇرۇق بۇ يەرنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ،
ئۆلۈكتەك ئۆزايمەن قوۋمىڭدىن ئىسىت.
ئامەتلىك كىشىلەر كۆپ ئىكەن ئەمما،
سەن ئۇچۇن مەن پەقەت ئۇنتۇلغان چېكىت.

## 3 ـ شەخسنىڭ قەلبىدە

سەن مېنى ئېسىڭگە ئالساڭ ئېھتىمال،
لەۋلىرىڭ مىدىرلاپ كېتەر توساتتىن.
يۈرىكىڭ چاپىدۇ خىياللار ئارا،
پەر توزۇپ دىل سۆيەر تاتلىق ھېسسىياتتىن.

ئۆتمۈشنى ئالسەن كۆزۈڭدىن يۇلۇپ،
قارايسەن ئۇنىڭغا ئەينەككە ئوخشاش.
شۇ يارقىن سايىلەر گۈللەتكەن جاينى،
كۆرىسەن سۈكۈتتە سۆيۈپ تۇرۇپ ياش.

بۇ پەقەت ئۇنتۇلغان چۈش بولسىمۇ گەر،
يەنىلا ئەسلىگۈڭ كېلىدۇ چوقۇم.
مەن ئۈچۈن ئۇسسايدۇ كۆڭلۈڭ بىر خىللا،
ئىچمەكچى بولغاندەك مەيدىن بىر يۇتۇم.

ئەپسۇسكى مەن سەندىن يىراق بىر جايدا،
قەلبىڭدە ياشىشىم مۇمكىندۇر ئۇزاق.
چۈنكى بۇ ھاياتنىڭ ئويۇنلىرىدا،
ياشايمىز ئاشۇنداق بولۇپ تېپىشماق.

## بەلكىم، ئەمدى شۇنداق قېرىپ كېتىمەن

ياشلىق دېدىم ئۆچتى ئۇنىڭ ناۋاسى،
مېيى تۈگەپ ھالسىرىغان چىراغدەك.
قەلبىڭدە يوق تەلپۈنۈشۈم ئىزناسى،
بولسامۇ گەر سۆيگۈڭ ئۈچۈن پايپېتەك.

ساڭا ئاتاپ ئالما ئۈزدۈم تالاي ياز،
ۋە يوللىدىم ساپىقىغا چىگىپ خەت.
كۆرسەتمىدىڭ كۈلۈپ بىر رەت جىلۋە - ناز،
ئۆتتى كۈنۈم جۆيلۈشلەردە چېكىپ دەرد.

كەلدى سېنى ئەلەم بىلەن تىللىغۇم،
چىدىمىدى يۈرەك يەنە ئۇمۇنۇپ.

ئۆتتى كۈنلەر، ئۆتتى قەلبىم يۈتۈپ غۇم،
سەن چىددىڭ قىسمىتىمگە كۈي توقۇپ.

بەلكىم، ئەمدى شۇنداق قېرىپ كېتىمەن،
چاچلىرىمغا، ساقىلىمغا سانجىپ ئاق.
يەتمەي تۇرۇپ كۆزلىرىڭدىن يىتىمەن،
ۋىسالىڭغا، يۈرىكىمنى قىلىپ چاك.

## يەتمىگەندە ئاشۇنداق...

بەك ئالدىراپ چۈشۈپتۇق بۇ خەتەرلىك بەيگىگە،
ئاددىي چاغلاپ سۆيگۈنى ھېرىپ قالدى ئېتىمىز.
قويۇپتىمىز ئويلىسام كىچىك تۇرۇپ رەڭگە،
قەلبىمىزنى، دەرد چېكىپ (شاھىت ئاڭا خېتىمىز).
مانا ئەمدى شۇ كۈننى ئەسلەپ قالسام گاھىدا،
ئۇن بەش كۈنلۈك ئاي كەبى ئايرىلىپتۇق تولالماي.
دەرياسىنى ۋاقتىنىڭ توسۇپ بولماس جايىدا،
چوپچوڭ ئادەم بولۇپتۇق «بالىلىق»تا قالالماي.
ئۆتتۈڭ تونۇش كوچىدىن دوستۇڭ بىلەن قايسى كۈن،
قالدۇق يەنە قارىشىپ بىز كۆزلەرنى ئۈزەلمەي.
ئېھتىمالىم سىنىڭمۇ كۆڭلۈڭ ئەمەس بىر پۈتۈن،
يىلتىزىنى سۆيگۈنىڭ ئۆتۈپتىمىز كېسەلمەي.
كونا سۆيگۈ يېڭى دەرد سېلىپ قويدى ھايالسىز،
كۆزلىگەنگە ھاياتتا يەتكەنمىدۇ بۇ ئىنسان.
سۆيگىنىم بار يېنىمدا لېكىن مەنمۇ ئامالسىز،
سىنىمۇ ھەم يۈرگەندۇ تالايلىرى پايلاپ، جان.
يېتەلمىدۇق ۋىسالغا يېتىم قىلىپ ۋاقتىسىز.
ئەمدى پۇرسەت كەتكەندە مەن كىملەرگە دەرد تۆكەي،
تۇيۇلىمەن شۇڭلاشقا ئۆز - ئۆزۈمگە مەۋجۇتسىز.

# بىز ئۇچراشتۇق ئاخىرى يەنە

بىز ئۇچراشتۇق ئاخىرى يەنە،
كەتكەن ئىدىڭ سەن مېنى سۆيمەي.
ئالبومدىكى سۈرەتتەك ئەنە،
گۈزەل پېتى تۇرۇپسەن ھەي - ھەي.

يوقلانمىدىم قەلبىڭدە بەلكىم،
ئۆتتى كۈنلەر، ئالماشتى باھار.
كىمنىڭ ئەمرى قىلغاندۇر تەسلىم،
سېنى، تېخى بىلمەيمەن زىنھار.

مەن - سەن ئۇچۇن كۈيلىگەن كۈيلەر،
ھېلىمۇ ھەم ئۇچماقتا لەرزان.
ئىشق دەردى، سەن تۆككەن ئۈنلەر،
كەلدى مېنى قىلىپ پەرىشان.

قالدى داغلار، يوق ئەمدى پۈرسەت،
كەچمىشلەرنى سۆزلەرگە بىر پەس.
ئويلىمىغان كېلىشنى دەھشەت،
مەن يېنىڭغا بولۇپ دىلىم مەست.

بىر مەلىدە ياشايمىز ئەتە،
تىنچلىنارمۇ دىل چەكمەي ئازاب.
قىلسام ئەگەر ئۆيۈڭگە يەتە،
قالارمىزمۇ مۇڭ بىلەن قاراپ.

# رۇس قىزىغا ئوخشايسەن بىراق

يىراق ساڭا، يىراق روسىيە،
رۇس قىزىغا ئوخشايسەن بىراق.
سېرىق چېچىڭ، كۆكۈچ كۆزۈڭدە،
جىلۋىلىنەر ئەلەملىك يىراق.

رۇس قىزلىرى شۇ قەدەر ئەركىن،
سۆيگەن كەبى رۇس يىگىتىنى.
سۆيەلمەيسەن ئازادە - تەمكىن،
بۇ يەردىكى بىزنىڭ بىرسىنى.

تاجىك قىزى ھەي تاجىك قىزى،
ئەركىنلىكىڭ قىلىنغان تەقىب.
بىلەمسەنكىن تەقدىرىڭ ئۆزى،
سېنى شۇنداق قىيىنىغان رەقىب.

سەن ياشىغان ئاشۇ يېزىدا،
تونۇشمايلا توي قىلغانلار كۆپ.
بىر - بىرسىنى كۆرەر نىكاھتا،
ياپراقلاردەك تىترەپ ۋە ئۆكسۈپ.

قاچان بىزگە بولاركىن نېسىپ،
ئەركىن نىكاھ سۆيۈش - سۆيۈلۈش.
بەختىمىزنى سۆيگۈدىن تېپىپ،
گۈل ھاياتىڭ پەيزىگە چۆمۈش.

## بىز يېڭى ئەسىرگە تۇتاشقان ئارمان

بىز يېڭى ئەسىرگە تۇتاشقان ئارمان،
ئاجايىپ چىرايلىق كۆنلەردىن ئۆچۈپ.
يولىمىزدا بەخت پورەكلەر ئاچقان،
قول تۇتاشقان ئەل زەپەرلەر قۇچۇپ.

بىز يېڭى ئەسىردە چاقنىغان ئارمان،
ئارماندىن تۇغۇلغاي يەنە بىر ئەسىر.
دەۋر نۇرىدىن جانلىنىپ ھەريان،
بولغۇسى باغ بىنا، بۇندا گۈل قەسىر.

بىز يېڭى ئەسىرگە تۇتاشقان ئارمان،
يېپيېڭى روھلاردىن تاپىمىز نۇسرەت.
گۈللەردە بۇلبۇلدەك قىلىمىز خەندان،
ئورايمىز ۋەتەننى قۇتقا تائەبەد.

## تاجىكىمنىڭ يۈرىكىدە مەن

تاغلىرىمدا ئوغلانلىقىم ھۆر،
بۈركۈتلەردىن تالىشىدۇ كۆك.
قەيسەر روھلار باسىدۇ مۆھۈر،
ۋۇجۇدۇمغا بۇندا مەڭگۈلۈك.

قۇياش قوغلاپ ماڭغان كىشىلەر،
مېنىڭ ساددا، سەمىمىي خەلقىم.

ئاپپاق قار - مۇز ئويغان نەقىشلەر،
ئۇنىڭ قەلبى، يۈرىكى بەلكىم.

نازۇك لالە، يايلاق، گۈل - چىمەن،
كۆمۈش ئۇنچە چاچقان ئېقىنلار؛
ئالار مېنى قوينىغا لەۋەن،
يۇرتۇمدىكى نۇر ۋە چېقىنلار.

قەلەم بەردى ماڭا ئاشۇلار،
گۈزەل ئىستەك، غايىلەر تامان.
مىللىتىمنىڭ تىلەكلىرى بار،
يازماق بولغان كۈيلەردە هامان.

شائىرلىقىم پەخرىم تائەبەد،
تاجىكىمنىڭ يۈرىكىدە مەن.
يارىتىمەن سۆيگۈدە پەقەت،
گۈزەل هايات، سەندە ئەي ۋەتەن.

## هايات كۈيلىرى

(سونېتلار)

### 1

تۇغۇلمىشتىن تەڭرىم ساڭا بەرگەن سەلتەنەت،
ئۆز قولۇڭغا ئۆز ئەركىڭنى بېرىپ ئەي ئادەم.
قانداق ياشاش ئىستەكلىرى بىلگىن، ئامانەت،
خۇي - پەيلىڭگە قاراپ بىنا بولىدۇ ئالەم.

ياۋۇزلۇقتىن قېنىنىڭ دەۋرەپ تۇرسىمۇ زىنھار،
مۇھەببەتتىن سۇ ئىچمىدۇ يۇرىكىمىڭ - دىلىمىڭ.
ھايات دولقۇن ياساپ ئەبەد قايتماسقا ئاقار،
يا ئالقىشتىن، يا نەپرەتتىن ئۆتەر كۆنلىرىڭ.

مۇساپەڭنىڭ گەردىشلىرى قاتمۇقات ئېگىز،
ئۆلۈم پەيتى كەلمىگۈچە ماڭىسەن تىنماي.
تىنچلىقتا، پاك سۆيگۈگە بولىدۇ شەكسىز،
ئالەم گۈزەل، ھاياتقا قۇت يېغىپ توختىماي.

خىسلىتىڭدىن، قىممىتىڭدىن نۇرلانسۇن ئالەم،
بار ئۇلۇغلۇق بۇ ئىقلىمدا بولۇپ ساڭا جەم.

2

مۇھەببەتكە سەن ئۆزۈڭنى ئۇرسەڭ شەكسىز،
ئۇنىڭسىزمۇ بۇ ئالەمدە يوقتۇر ھېچ مەززە.
چەكلىك ھايات بوشلۇقىدا مۇھەببەت چەكسىز،
يېتەلمەيسەن بۇ ئۆمرۈڭدە ئۇنىڭ چېكىگە.

سەن ئاناڭغا، سەن داداڭغا كۆيسەڭ ھەتتا،
ئايالىڭغا، بالىلىرىڭغا بېرىلىپ ئوخشاش.
ۋەتەن، دوستۇڭ ۋۇجۇدىدا قىلىسەن ناۋا،
ھەر ئەسنادا سېنى سۆيۈپ تۇرىدۇ قۇياش.

مۇھەببەتنىڭ لەززىتىدىن يۈرەكلىرىڭ شاد،
مەيلى باي بول ۋە يا ئۆتكىن بىر ئۆمۈر گاداي.
مۇھەببەت دەپ بەللىرىڭنى ئېگىسەن قات - قات،
ئەمما ۋىسال قۇچۇپ جۇشقۇن ياشايسەن، ئايھاي.

ئەيلىمىگىن مۇھەببەتنى ھەرگىزمۇ ۋەيران،
چىن ئۇزلۇقا بۇ كائىنات بولغاي مىلى ھەيران.

## 3

بىرى مەندىن زىنھار ئازار يېمىسۇن دېدىم،
يېسە مەيلى مېنىڭ دىلىم، بۇڭا مەن رازى.
خىسلەت ئىزدەپ ئاق كۆڭۈلدىن ئۈي - چېدىر تىكتىم،
ۋۇجۇدۇمدىن ئاتاپ ئۇنى ھەركىمگە زادى.

تۆت پەسىلنىڭ ئۇچىنى دىل ئەينىكى قىلدىم،
باھار، ياز، كۈز سىنلىرىنى كۆرسۇن دەپ بىراۋ.
قەلب كۆكۈم بوشلۇقىغا كۈننى تېرىدىم،
نۇر تۆكسۇن دەپ باشلىرىمنى سۆيگۈچە قىراۋ.

ھايات مۇلكۇم سىلەرنىڭ ئېھ بارچە خالايىق،
سىلەر ئۇچۇن ياشىماق ھەم مەن ئۇچۇن شەرەپ.
غۇرۇر، ۋىجدان ھۆكمىدە بۇ قىلغان يارلىق،
بەختىم ئۆتسەم ئۆمۈر بويى غېمىڭلارنى يەپ.

تۆت پەسىلنىڭ بىرى قىشتۇر، دىلدىكى نەپرەت،
كىمكى ئەلگە قىلسا شۇملۇق، قار - مۇزۇمغا بەند.

## 4

شائىر روھى ئادالەتكە بېرىدۇ ئىمان،
ئۇ ھەركىمگە يەتسۇن دەيدۇ تەڭلىك، پاراغەت...

خۇدا ئۇنى سۆيسۇن ۋە يا قىلسۇن ھەم ۋەيران،
شېئىر بىلەن قىلدۇ ئۇ تۇن - تاڭ ئىبادەت...

قەلىمى ئېھ تۆكۈپ ئۆتسە كۈيلەردىن قىيان،
خىياللىرى پەرۋاز قىلار ئالەم سەتھىدە.
نېمەت ئىزدەپ ئۇ ساتمايدۇ ھەرگىزمۇ ۋىجدان،
تۇرسىمۇ ئۇ قەسىرلەردە ياكى كەپىدە.

ھەقىقەتنىڭ مەككىسىنى قىلىدۇ تاۋاپ،
ئادەملەرنىڭ ئارمىنىنى قىلىپ ئۇ ھاپاش.
كەلسە شۇملۇق قاۋانلىرى غالجىر چالۋاقاپ،
ئەل ئالدىدا غەزىپىدىن ياغدۇرىدۇ تاش.

شائىر روھى، شائىر قەلبى دۇنياغا قۇياش،
نۇرلىرىدا ئىللىپ ئۆتەر دەريا، تاغۇتاش.

## بىرلىشىش

ئوت تاشلانغىن سۇنىڭ باغرىغا،
قارماق ساڭا ئۆيلەنسۇن بېلىق.
تويۇڭلارغا مۇبارەك تىكەن،
گۈل ئىككىڭلار مەي بىلەن ئىۋرىق.

ناخشاڭنى ئېيت قوتاندا بۆرە،
قويۇم ئۇسسۇل ئوينىسۇن لەرزان.
جىن چىراغىنىڭ يالقۇنى ئىچرە،
ۋۇجۇدىنى قاقلىسۇن بوران.

زەھەر بەرسە، قەنت ئۆزات قەلبىم،
بۇ خۇشاللىق ئەمەسمۇ ھەيھات.
گەر ئاشۇنداق بولغاندا ھېچكىم،
بۇ دۇنيادا چەكمەيدۇ پەرياد.

## روھ

روھ دېگەن كەڭ ئاسمان چېكى بىپايان،
سەن ئۇندا قۇش مىسال قاقىسەن قانات.
پەرۋازىڭدا ئۇ ئەيلەر سېنى شادىمان،
شۇڭىمۇ تۇيىلار گۈزەل بۇ ھايات.

روھ دېگەن دولقۇنلۇق بىپايان دېڭىز،
سەن ئۇندا يايرىغان ئاكۇلا - لەھەڭ.
گەر قۇرۇپ قالسا ئاھ، دېڭىز سەۋەبسىز،
قىيىنغا توختايدۇ ياشىمىقىڭ ئەڭ.

روھ دېگەن ئىنساننىڭ جېنىدۇر جېنى،
ئۇنىڭدىن ھەر ئادەم ياشار ئادەمدەك.
روھ سەندىن ئايرىلسا، بىلگىن سەن بۇنى،
ۋاقىتسىز چاڭ سالغان ئۆلۈمدىن دېرەك.

## ئاشىق كۆزلىرىمىز ئۇچراشسا بىر كۈن

ئاشىق كۆزلەرنىڭ ئۇچرىشىش پۇرسىتى بولۇر،
ۋاقتى - سائىتى كەلسە گەر يېتىپ.
ئىشق دەردىدە قاتقان تۇيغۇلار،
شۇ ئەسنا بىردىنلا كېتەر ئويغىنىپ،

ۋىسالغا ئىنتىلىش باشلىنار يەنە،
يېڭى بىر غىدىقلاشقا دىللار بولۇپ يەم.
ئۇنتۇلغان كەچمىشلەر قىلار تەنتەنە،
باغرىغا قويۇلسا سۆيگۈدىن مەلھەم.

خۇپپىيانە ۋىسالغا يېتىشمۇ بەخت،
ئەخلاقنى ئۇخلىتىپ قويۇپ بىر چەتتە.
سەن ئۇچۇن ئۆزۈمگە قويۇپ قويدۇم چېكىت،
بەر ۋىسال، بۇ بىر رەت سىلىپ كۆرمەسكە.

## مەۋجۇت بولساڭ ...

ھايالشىماي كەلدى ئاق سانجىپ،
ئايلار، يىللار قۇندۇزدەك باشقا.
رېئاللىقتا بولمىدىڭ نىسىپ،
ئوخشىمىدىڭ ئايغا - قۇياشقا.

پەي تاشلىدى قۇشلار بىساناق،
قۇش دەپ بىلدىم سېنى خىيالەن.
باغلىرىمدا قالدى ئورنۇڭ ئاق،
سولدى روھىم پۈتكەن گۈل - چىمەن.

سەن ئەمەسسەن بەلكىم تەئەللۇق،
ماڭا، شۇنداق مەڭگۈ ئاشۇنداق.
مەۋجۇت بولساڭ نەدىن تاپقۇلۇق،
سېنى كۈتۈپ، مەن دۇنيادا تاق.

*نەسرلەر*

## كۆڭۈلچەك

مېنىڭمۇ باشقىلارنى قاقتى - سوقتى قىلغان چاغلىرىم بولغان. زەربە بېرىش ئوبيېكتىم — كۆڭۈلچەك ئادەملەر ئىدى. ئۇلارنىڭ قويغا ئوخشاش ياۋاش مىجەزى، ساددا كۆڭۈلچەكلىكى مېنىڭ زومىگەرگە ئايلىنىشىمغا ئاساس سالغان. ئەپسۇسكى، پەلەكنىڭ چاقى ھەقىقەتەن تەكشى ئايلىنىدىكەن. شۇ تاپتا مەنمۇ كۆڭۈلچەك ئادەملەر قاتارىغا تىزىلىپ بولدۇم. مال - دۇنيارىمدىن ئايرىلساممۇ مەيلىتى، يامان بولغىنى ئادىمىي روھىمدىن ئايرىلىپ، ئۆزۈمنىڭ كىملىكىمنى بىلمەيدىغان دەرىجىگە چۈشۈپ قالدىم.

## گاڭگىراش

«كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق» ، مەن بۇ ھېكمەتنىڭ ئەسرارى ئىدىم. نېمىشقىكىن، مەن كەمتەر بولغانسېرى كىشىلەر مېنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇۋالدى. ھە دېسىلا سەممىمىي قەلبىمنى چۆشەنمەي ماڭا نەپرەتلىك نەزەر سېلىشتى.

«سەتلىشىدىكەن غادايغانسېرى» ، دېيىش — مەن سۆيۈنىدىغان ھېسسىيات ئىدى. بىراق، يۇقىرىدىكى ساۋىقىمغا ئاساسەن، مەن تەكەببۇرلۇق كەمرىمنى سەل - پەل باغلىۋالدىم، كىشىلەر ماڭا ھۆرمەت بىلەن قارىشىدىغان، ئۆزلىرىنىڭ قاتاردىن ئورۇن بېرىشىدىغان بولدى. غەلىتە ئىش، كىشىلەرنىڭ بۇ مىجەزى مېنى راستىنىلا گاڭگىرىتىپ قويدى.

# ۋەسىيەت

مەن ئۇزاق ياشايدىغاندەك قىلىمەن. ئىشىك ئالدىمدىكى
يىراققا سوزۇلغان ئېرىقتا ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىنىڭ ئېقىۋاتقىنىد-
غىمۇ ناھايىتى ئۇزاق بولدى. ئەمما، ھەر يىلى قىشتا بىر نەچچە
ئاي توختاپمۇ قالدى. ھاياتىمنىڭ قىش پەسلى قاچان يېتىپ
كېلىدىغانلىقىنى بىلىمەن، بەلكىم ئۆلۈپ كېتىشىممۇ مۇمكىن.
ھايات مېنى سۆيۈشتىن بىزار بولغان شۇنداق كۈنلەردە مەن ئۆز
- ئۆزۈم بىلەن خوشلىشىشىم كېرەكتۇر. ياشاش نەزىرىدە بىر
گۈزەل چۈشكە ئوخشايتتى. مەن بۇ گۈزەل چۈشنى ھەم ئۇزاق،
ھەم مەنىلىك قىلىپ كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئەپسۇس، بۇ
چۈشنى تازا ياخشى كۆرەلمىدىم. بۇنىڭ سەۋەبى، ھاياتداشلىرىم
ئۈچۈن بىرەر ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىمدە، شۇنداق-
لا ئۇلارنىڭ روھىغا ۋە جىسمىغا ئوزۇق بولالمىغانلىقىمدا. شۇ
سەۋەبتىن بۇ چۈش ماڭا مەنىسىز تۇيۇلدى. كېرەك يوق، بۇمۇ
مەيلى، ئەمما ياشاش ماڭا تۈز نىيەت، سەمىمىي قەلب ئاتا
قىلدى. بەلكىم دۇنيا مېنىڭ بۇ قەلبىمدىن رازى ئەمەستۇر ۋە
بەلكىم مېۋىسىز بۇ قەلبىمنىڭ سايە تاشلىغىنىنىڭ پايدىسى
يوقتۇر. ئىش قىلىپ، مېنىڭ كىشىلەرنىڭ نەزىرىگە ئېرىشكۈ-
دەك بىرەر تەرىپىم يوق. شۇ سەۋەب گاھىدا تۈنىنىڭ ئۇزاق
دەقىقىلىرىدە يىغلاپمۇ سالىمەن.

قۇياشلىق سەھەرنىڭ مۇساپىسىدە نەپىسىم باردەكلا كېلىۋا-
تىمەن. ئۆلۈمنىڭ سايىسى بەلكىم ماڭا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان-
دۇر، بۈنىڭدىن پەرۋايىم پەلەك. چۈنكى، قەلبىمنى خۇش قى-
لىدىغان يەنە بىر ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ مېنىڭ ئوغلۇم. ئۇ
بەكلا زېرەك چوڭ بولدى. ئۇ مېنىڭ ئۈمىد نۇرۇم، ھاياتىم

شامى ئۈچۈشى بىلەن تەڭ ئۇ يارقىن نۇرى بىلەن يولۇمنى داۋاملاشتۇرۇپ ماڭالايدۇ. ئەمما، مەن قاچان ئۆلمەي قەلبىمدىكى شۇنداق بىر سۆزنى ھايات قالغۇچىلارغا دېۋالغۇم كېلىدۇ. «مەن كۆز يۇمغان كۈن مەن ئۈچۈن ئازابلىنىشنى خالىغان ھەربىر بۇرادىرىمنىڭ كۆزىدىن بىر تامچىمۇ ياش ئاقتۇرماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھايات خۇشاللىقىنىڭ ئىنكاسى. ئۆلۈممۇ مەن كۆرمەكچى بولغان گۈزەل چۈشنىڭ داۋامى» .

## كۈتۈش

ئامرىقىم، سەن ماڭا قىشنىڭ بىر ئەتىگىنىدىكى قار گۈلىدەك كۆزۈمگە چېلىقىدىغاندەك بىلىنىسەن، ئەمما مەن ئادرېسىڭنى، نەدە تۇرىدىغانلىقىڭنى بىلمەيمەن. ئەمما، ئۆيۈمنىڭ ئۇدۇلىمىزدىكى چىملىقتا قارايدىغان دېرىزىدىن ھەر كۈنى دېگۈدەك يىراق ـ يىراقلارغا نەزەر سالىمەن. ئۈچۈپ كەلگەن سالقىن شامال چاچلىرىمنى، يۈزلىرىمنى يېنىككىنە سىلىغاندا يۇمران بارماقلارنىڭ يۈزلىرىمدە ئۈياق ـ بۇياققا ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك ئارامبەخش ھالىتىنى سېزىمەن. ئەپسۇس، ئەتراپنى بارا ـ بارا كۆكۈم تۇمانى قاپلاشقا باشلايدۇ. بۇ پەيتتە مەن يەنە سەن ئۈچۈن چۈش كۆرۈشنى خالاپ قالىمەن.

چۈشۈمدە سەن بىر دەستە باھار گۈلى ئارىسىدىن كۆزنى چاقنىغۇدەك چاقناق نۇر پەيدا قىلىپ، چىرايلىق بىر قىزغا ئايلىنىسەن. قوللىرىڭنى تۇتماقچى بولغىنىمدا نېمىشقىكىن مەندىن قورققاندەك قىلىپ ئارقاڭغا بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قېچىشقا باشلايسەن. شۇنداق قىلىپ، سەن قاچىسەن، مەن قوغلايمەن. ھېرىپ ھالىمدىن كەتكەندە سەن ماڭا بىر دەستە گۈلنى ئاتقىنىڭچە يەنە قېچىشقا باشلايسەن. بىراق، مەن تەرگە چۆمۈل

گەن تېنىڭدىن سانسىزلىغان چېچەكنىڭ يېشىل چىم ئۈستىگە
قۇيۇلۇۋاتقىنىنى كۆرىمەن. مەن چېچەكلەرنى تەرمەكچى بولغى-
نىمدا تۇيۇقسىز بىر قۇيۇن ئېتىلىپ كېلىپ سېنى چېچەكلەر
ئارىسىدىن بۇتۇپ كېتىدۇ...

مەن چۆچۈپ ئويغانغىنىمدا ئاللىقاچان قۇياش يەنە شۇ دېرى-
زەمدىن نۇرلىرىنى چېچىۋاتقۇدەك، يىراقلارغا قاراۋاتىمەن.
ئەتراپ كۆز پەسلىگە كىرگەندەك قىلىدۇ. بىراق، سەن ماڭا
قىشنىڭ بىر ئەتىگىنىدىكى قارا گۇلدەكلا كۆزلىرىمگە چېلىقىدى-
غاندەكلا بىلىنىسەن...

# ئېمىزگە خىسلىتى

دادا بولۇش هاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇ ئىدى. مۇرادىم
هاسىل بولدى. ئايالىم ئىككىمىز ئوغلىمىزنىڭ سەبىيلەرچە
خۇلقىغا زوقىمىز كېلىپ خۇشاللىقىمىزنى باسالماي قالىمىز.
بىراق، ئوغلىمىزنىڭ سۇت تەشناسىدا قىرقىراپ يىغلاشلىرى
ئايالىمنى زېرىكتۇرۇۋەتتى بولغاي، ئوغلىمىزنى ئېمىزگە ئې-
مىشكە كۆندۇردى. قۇرۇق ئېمىزگە بارا - بارا ئوغلۇمنى بىر
تېرە - بىر ئۇستىخان قىلىپ قويدى. دەرۋەقە شۇنداقتىمۇ ئوغ-
لۇم پەرۋاسىز كۇلكىسىنى باشلاۋەردى. ئەپسۇس، كۇنلەرنىڭ
ئۆتۇشى بىلەن ئوغلۇم ئانىسىنىڭ ئانىلىق مېهرى توشتۇرۇلغان
كۆكسىنى كۆرسىلا قىرقىراپ يىغلايدىغان بولۇۋالدى.

تۇردىبەگ مۇھەممەتبەگ

# ئېھ خىسلەتلىك ئۇزاق چىغىريول



تۇردىبەگ مۇھەممەتبەگ 1979 - يىل 1 - يانۋار ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ تار تاجىك مىللىي يېزىسىدا تۇغۇلغان.

1999 - يىلى قىزىلسۇ پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئومۇمىي پەن كەسپىنى پۈتكۈزگەن. ھازىر تار يېزا ئالىملىق باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ ئىجادىيىتى 1994 - يىلى باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 200 پارچىغا يېقىن ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. تۆت پارچە شېئىرى خەنزۇ تىلىغا، ئىككى پارچە شېئىرى قىرغىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

## شېئىرلار

### سەن گويا قەلبىمدە قاتقان بىر چېكىت

سەن ئۇچۇن خىيالمۇ قىلمىدىم ئاخشام،
ئەمەلگە ئاشمىغاچ مەن كۆتكەن ۋىسال.
تۈگىدى ھەممىسى، قىپ بولدى تامام،
سەن ئۇچۇن تەلپۈنگەن يۈرەكنى قامال.

ئىككىمىز ئارىسى بارماقتا ئۇزاپ،
سۆيگۈدىن گەپ ئاچقان ئاخشامدىن باشلاپ.
بەكمۇ تېز ئۆزگىرىپ كەتتۇق ئىككىمىز،
ناتونۇش ئادەمگە قالدۇققۇ ئوخشاپ.

مۇمكىنسىز ئارمانغا باغلاپ مەن ئۈمىد،
ئۆتتى ئاي، ئۆتتى كۈن بىكارغا ئىسسىت!
ئىچىمدى كۆڭۈللەر كۆڭۈللەردىن سۇ،
سەن شۇڭا قەلبىمدە قاتقان بىر چېكىت.

## تۈگمەنچى

تۈگمەن تاراقلاپ جىملىقنى بۇزار،
ئوخشايدۇ پويىزنىڭ ئاۋازىغا بەك.
ئاق توزان ئاستىدا ئاپئاق بىر ئارمان،
تۈگمەن ئىچىگە ياسايدۇ كۆنەك.

تۈنلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن بوۋاي،
تۈگمەن تاراقلاپ بەرمىگەن ئۇيقۇ.
قىلمىغان ئىدى ئۇ تەقدىرنى مازاق،
تەقدىرنىڭ ئۇنىڭغا ھىممىتى مۇشۇ.

تۈگمەن تاراقلار يەنىلا بىر خىل،
يېگىلىق بىلىنمەس بوۋايغا بۇ ئۈن.
بېرىدۇ ئۇنىڭغا ئۇيقۇسىزلىقنى،
تۈگمەس كۈنلەردىن قېچىپ چىققان تۈن.

# يۇرتنى سېغىنىش

ياقا يۇرتتا ئۆتتى ياشلىقىم،
سېنىڭ مېھرىڭ باغرىمنى ئۆرتەپ.
كۆزلىرىمگە ياش تولدى نەچچە،
سەندە ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ.

ئىزىم قالغان ئاشۇ چىغىر يول،
ئېھ، تۇيغۇمدا شۇنچە داغدام، كەڭ،
گۈلگە تولغان ئېتىز قىرىڭدىن،
مەن چېھرىمگە ئالغان ئىدىم رەڭ.

كېيىكتەكلا ئەركىن قېيغىتىپ،
ئويناشلىرىم سىڭگەن باغرىڭغا.
بىر ئىلاھىي ئوماق سەبىيلىك،
قالدى شۇنداق ئېتىز ـ قىرىڭدا.

ئارچىزارلار ئېسىڭدىمۇ مەن،
شاخلىرىڭدا قالغان تىنىقىم.
زېرىكتۈرگەن سىلەرنى چوقۇم،
مېنىڭ ئاشۇ كەپسىز قىلىقىم.

مەن يىراقتا قالدىم دوستلىرىم،
كۈلكەڭلاردىن، يىغاڭلاردىن ھەم.
يەنە سەبىي چاغلارغا ئوخشاش،
قاچان بىزمۇ بولارمىز جەم؟

# خەتلىرىڭدە ياشنار مۇھەببەت

سۇبھىلەردەك پىچىرلاش ئارا،
ئۈمىد ئوتى ياندۇ گاھى.
بىرەلمەيمەن لېكىن تەڭرىدەك،
ئاھ، ئۈزاقتىن - ئۈزاق كۈتۈشنى.

بەلكىم ھېس قىپ بولغانسەن سەنمۇ،
سېنى ياخشى كۆرگەنلىكىمنى.
سەن تەرەپكە كۆز ئۈزمەي قاراپ،
يۈرىكىڭنى كۈتكەنلىكىمنى.

گۈل ئېچىلغان ھەربىر سەيلىگاھ،
سېنى كۈتۈپ ياتقاندۇ جېنىم.
جامالىڭنى كۆرۈشكە پۇرسەت،
بەرگىنىڭمۇ ئاخىرقى قېتىم.

چۈشلىرىمدە تۈنىگەن كۆكسۈڭ،
بىر ھۆزۈرنى قىلار نامايان.
ئۈنتۇغاندا يازغان خەتلىرىڭ،
دىلغا سالار ئوتلۇق ھاياجان.

ئىپادەڭدىن يىراقتۇر سۆيگۈ،
خەتلىرىڭدە ياشنار مۇھەببەت.
تىلىكىم شۇ بولساڭمۇ يىراق،
چەكمىسەڭكەن مېنىڭدەك ھەسرەت.

## بەلكىم ئۆتمۈش بولۇپ قالار ھەممىسى

شېرىن - شېرىن چاغلار كەتتى تىۋىشسىز،
ئەسلەپ قويدۇق دىللار ئازار يېگەندە.
بەلكىم ھەممە ئۇنتۇلىدۇ بىر - بىرلەپ،
ئازاب چېكىپ مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندە.

بىر مەڭگۈلۈك داغ قالسىمۇ يۈرەكتە،
ئەل بولىمىز باشقىلارغا مەجبۇرى.
قىينالساقمۇ ئامال ئىزدەپ تەقدىرگە،
بەلكىم ئۆتمۈش بولۇپ قالار ھەممىسى.

## ئازاب چېكىش

قانغۇدەك مۇڭدىشىش بولمىدى نېسىپ،
ئارىدا بۇلبۇللار قالدى بىناۋا.
يۈرەككە خۇشاللىق ئىزدىدىم نەچچە،
قەلبىمنى بەزلىگەچ ئەڭ شېرىن ھېستا.

بۇ كۈنلەر قانچىلىك بولاركىن ئۇزاق،
مېنى ھەم، سېنى ھەم قىلىپ ئىنتىزار.
بىلىمەن كۆزلىرىڭ ياشلاندى نەچچە،
سېغىنىش، ئۇيقۇدىن ئەتكەندە بىدار.

بىلگىنكى ئازابتىن تۇغۇلار ئۈمىد،
بىز كۈتكەن ئارمانلار ئاچىدۇ چېچەك.

بىز تەقدىر قەپىسى ئىچرە تۇرساقمۇ،
ئىشەنگىن بىر كۈنى خۇش بولۇر يۈرەك.

## چىغىر يول

بوۋام ئىزى چۈشكەن يول، مومام ھىدى سىڭگەن يول،
بىر قەدىمىي تارىخنىڭ ئالتۇن ھەللىك شاھىتى.
نەچچە ئارمان چېچەكلەپ مېۋە بەردى مەي باغلاپ،
بەلكىم «ئېچىل داستىخان» ئاشۇ يولنىڭ ئېتىكى.

ئاشۇ يولدا بىر مۇڭلۇق، سۆڭەك نېيىم ئۈنلەيدۇ،
مۇھەببىتىم كۆي بولۇپ، ئۇچار يىراق - يىراققا.
ئەجدادىمنىڭ ئىزىدىن پۈتۈلگەن شۇ چىغىر يول،
پايانى يوق نۇر كەبى تۇتىشىدۇ قۇياشقا! ! !

## ئېھتىمال

ئېھتىمال كەلگۈسى باشلىنار بۈندىن،
دۇنياغا چېچىلىپ قۇياش نۇرىدەك.
ئېھتىمال ھەممىسى بوپ قالار يالغان،
قاچاندۇر بىر چاغدا كۆرگەن چۈشۈمدەك.

ئېھتىمال ئۆچۈپمۇ كېتىمىز بىر چاغ،
بىز يېقىن ئۆتكەن شۇ دوستلار قەلبىدىن.
ئېھتىمال بىز شۇنداق ئۆلۈپ كېتىمىز،
شۇ قەدەر بىۋاپا قىزلار دەستىدىن.

ئېھتىمال يەر شارى چۆرگىلەر تەتۈر،
شۇ قەدەر يوقالغان ئىنساپنى كۆرۈپ.
ئېھتىمال بىز شۇنداق ئۆلۈپ كېتىمىز،
كەلمىگەن تەلەينى تەڭرىدىن كۆرۈپ.

## كەچكى شەپەق

كەچكى شەپەق،
ئەكسىڭ يوقتۇر مۇزلۇق سەتھىدە —
قان يىغلىغان بىلەن يۈرىكىڭ.
كەچكى شەپەق،
ئەڭ يېڭى كۈيسەن،
ئۇيۇق ساڭا ھامىلدار ۋەتەن.

كېيىنەكنىڭ يۇمران قانىتى،
ئۇسسۇل ئوينار شەپەق نۇرىدا.
ئىككى ئاشىق چىقتى سەيلىگە،
كەچتە ئۇيۇق قىزارغان چاغدا.

## سىقىلىش

باشلاپ كىرەر ئەسەبىي ھېسسىيات،
قىيپالىڭاچ خىيال قوينىغا.
سۆيۈپ قويار ئۆزىنى ئۆزى،
يەتكەن كۈنى قىزلار بويىغا.

ئازاب تاشلاپ كېتەر بىپەرۋا —
يۈرىكىڭنىڭ چوڭقۇر يېرىگە.

ھالىڭ كېتەر بارغۇچە يېتىپ،
يۈزى تۆۋەن قىزلار شەھرىگە.

ھەممىسىگە تاشلارسەن نىگاھ،
ھەممىلىسى كونا پېتىچە.
قاپقاراڭغۇ تۈننىڭ قوينىدىن،
تەنھا پېتى تۇغۇلار كېچە.

## گۈلۈم بولدى رەنجىمە

(سونېت)

گۈلۈم بولدى رەنجىمە، ئەسلىي شۇنداق بۇ دۇنيا،
كۈلكىسى ۋە يىغىسى ئەزەلدىنلا قوشكېزەك.
ئۆزگەرتسەم دەپ ئويلايمەن مۇشكۇلۇڭنى ئاسانغا،
ئەمما يىراق ئارىمىز كاككۇك بىلەن زەينەپتەك.

گۈلۈم بولدى رەنجىمە، ياش چىقارما كۆزۈڭدىن،
ئالتە كۈنلۈك ئالەم بۇ، ئەرزىمەيدۇ رەنجىشكە.
يۈرەكسىز دەپ ئويلىما باشتا قىلغان سۆزۈمدىن،
ئىشقىڭ ئۈچۈن ھەرقاچان، تەييار جاندىن كېچىشكە.

گۈلۈم بولدى رەنجىمە، ئۇلۇغ نەرسە مۇھەببەت،
بار مۇشكۇلات ئۈستىدىن غالىب كېلەر ئاخىرى.
بىز باغلىغان ئەقىدە نۇر چاقنىتار ئاقىۋەت،
تەشنا يۈرەك شۇندىلا تاپار شادلىق - تەسەللى.

گۈلۈم بولدى رەنجىمە، چەكمە ئۇنچە ئىزتىراپ،
چىن سۆيگۈنىڭ گۈلىنى ئۆستۈرەيلى ئاۋايلاپ.

## كىسىلگەن ئارچىغا مەرسىيە

كېسىلىپسەن بۇگۇن كەلسەم قېشىڭغا،
بالىلىقىم سىڭگەن شېخىڭ قۇرۇغان.
تۇز ئۆسكىنىڭ ئاخىر باشقا چىقىپتۇ،
ئاھ، نە قىلاي شۇنداق ئىكەن بۇ جاھان.

كەسمەيدىكەن ئېگىلگەننى پالتىمۇ،
ئەگرىلىرى ئەسلا كۆزدىن يىراقكەن.
باش كۆتۇرسە قايسى يەردىن ئېگىزرەك،
شۇنى قەستلەش ئادەملەرگە ئۇدۇمكەن.

كېسىلمەكتە بۇندا شۇنداق ھەممىسى،
بۇزۇلماقتا ئاستا ـ ئاستا تەڭپۇڭلۇق.
تەبىئەتنىڭ جازاسىدىن بىخەۋەر،
ئىشلار شۇنداق يۇرۇشىدۇ «ئۇتۇقلۇق».

## تاجىك قىزى

تاجىك قىزى كۆزلىرىڭ بۇلاق،
ھەر قەدەمدە چاچىسەن زىيا.
قۇندۇزمىكىن دېدىم قېشىڭنى،
كىرپىكلىرىڭ مىسالى ئوقيا.

جىرىڭلىدى سىل ـ سىلەڭ بىردىن،
يۇرىكىمگە ياقتىڭ ئوت ـ لاۋا.

قىيا بىرلا باققانتىڭ گۆزەل،
يۆرەكتە ئوت ئۆلغايدى يەنە.

ئىزدەپ كەلدىم قەلبىڭدىن ئەي قىز،
سەن كۈيدۆرگەن كۈيۆككە داۋا.
ئۈلتۆرەمسەن ئىشقىڭدا قىيناپ،
يا كۈڭلۆڭنى بىرەمسەن ماڭا.

بەخمەل دۆلەتزادە

# تەنھا يۈرەكتىن تامچىغان تامچىلار



بەخمەل دۆلەتزادە 1976 - يىل 18 - ئىيۇن تاشقورغان ناھىيە دەپتەر يېزىسىدا بىر زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1994 - يىل 9 - ئايدىن 1997 - يىل 7 - ئايغىچە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپىدە كومپيۇتېر كەسپىدە ئوقۇغان. 1997 - يىل 9 - ئايدىن ھازىرغىچە ناھىيىلىك دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق - سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىدە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ ئىجادىيىتى 1994 - يىلى قەشقەر ئەدەبىياتىدا ئېلان قىلىنغان «تاغ شائىرى» ناملىق ئەسىرى بىلەن باشلانغان.

## شېئىرلار

### سۆيگۈ

بىر يۈرەككە بەردىم جاھاننى،
ئالەمنىمۇ ئۆتۈندۈم بۈگۈن.
كۆزنەكلەردە سۆيگۈ چاچقۇسى،
جانانىمنىڭ تىلىكى ئۈچۈن.

بەكمۇ ئۇزاق ھايات مەنزىلى،
ئاز مۇرادقا تولۇق يەتكەنلەر:

بىزدەك يۇرۇپ ھىجران تىغىنى،
توسقۇنلاردىن بۆسۈپ ئۆتكەنلەر.

## ھايات مەنزىلى

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنى ئەسلەپ)

مەپتۇن قىلدى «قەشقەر كېچىسى»،
گۆھەر بىلدۇق ھەربىر سۆزۈڭنى.
جۇدالىققا تولدى ھاياتلىق،
مەن يۇرىمەن ئىزدەپ «ئىز» ىڭنى.

ئاسمىنىمدىن ئىزدەيمەن چولپان،
ئاقارىڭغا ئىشەنمەيمەن ھېچ.
ئۇستاز تۇتۇپ ئىز باستى ئەۋلاد،
سەن بېھىشتە ئارام ئالغىن تىنچ.

مەن يۈكۈنەي ئالدىڭدا دۇنيا،
يوشۇرمىسۇن ئۇستازنى لەھەت.
ئۇ تاغلاردەك ياشىسۇن مەڭگۈ،
ماگما بىزدە ئاشا مۇھەببەت...

## تۇغۇلغان كۈنۈڭ

بۇ كېچە كۆك ئاسمان ئاجايىپ گۈزەل،
يۇلتۇزلار جامالى گۈللەرگە تەققاس.
«ھىلال ئاي» بەرگىگە قونغاندا شەبنەم،
قارىچۇقۇم ئىچىدە ئۇسۇلدا رەققاس.

مۇبارەك تۇغۇلغان كۇنۇڭ قەدىردان،
ياشلىقتا سىڭدۇردۇڭ جاپالىق مېھنەت.
كۆڭۇللەر رىشتىسى ئالەمگە دىلكەش،
بەرق ئۇردى ئەجرىڭدە ئىلاھىي سەنئەت.

ئۇپۇقلار گىرۋىكى ئاقىرار ئاستا،
ھاياجان يامغۇرى سىرغىيدۇ تاتلىق.
سوۋغىلىق — ئابدەم بۇ نەزمە-شاراب،
يار بولسۇن ئەتەڭگە بەخت ۋە شادلىق.

# ئەمدى ئاڭلا مېنىڭ ناخشامنى

(مەرھۇم ناخشىچى گۇلشادقا بېغىشلايمەن)

زەرەپشاننىڭ دولقۇنىدەك جۇشقۇن ئىدى ھەر ناخشاڭ،
ئاھ! سەن بىلەن بىر كۇندە يوقاپ كەتتى دېرەكسىز.
مەن ئىزدەيمەن تاغ - باغدىن، قاچان سېنى تاپارمەن،
پۇشايمىنىم سۆيگۇدە ئىكەنمەن بەك يۇرەكسىز.

ھەر سەھەردە قەبرەڭگە بېرىپ تاۋاپ قىلىمەن،
سەن يول ئالغان شۇ مەنزىل ئېڭىمدا سىر - تىلسىمات.
ناخشىلىرىڭ ياڭرايدۇ ھەممە ئەلنىڭ تىلىدا،
روھىڭ ھېچ غەم يېمىسۇن بۇ داۋامىڭ، بۇ ھايات!

ھەيكىلىڭنى كۆرمىدىم قەدىمىي تاش شەھەردە،
ئوبرازىڭنى ئەسلەتمەس قىرو باسقان غازاڭلار.
لېكىن مىسرا خىشىدىن تام قوپۇرۇپ ياسايمەن،
ھەيكىلىڭنى جاھانغا ئېلىپ بارار شاماللار.

## كۆك كەپتەر

كۆك كەپتەرنىڭ گۇگۇلىرى ئىسىمدە،
لېكىن سىنىڭ پىچىرلىشىڭ نەدىكىن؟
ئۇھسىنىشلار تىترىتىدۇ خىلۋەتنى،
يىراقتىكى شىۋىرلىشىڭ نەدىكىن.

كۆك كەپتەرنىڭ كۆزىدىكى ئاشىقلىق،
نۇر جۇلاسى سىڭىپ كەتكەن جۇپتىگە.
سۆيگۇ ئوتى چىرمىۋالغان تېنىمنى —
بىزدىكى ئىشق يەتمەيدىكەن ئىشقىغا.

سىردىشىدۇ، سۆيۈشىدۇ جۇپ كەپتەر،
لېكىن بىلىپ يېتەلمىدىم تىلىنى.
نىمە هاجەت تىل، بۇ يەردە كۆز تۇرسا،
تۇتاشتۇرغان كۆز ئۇلارنىڭ دىلىنى.

## تاغ شائىرى

(مەرهۇم سەنئەتكار ئىسهاق ئازارەنى ئەسلەپ)

كۆك يايلاقتا پەرۋاز قىلغان پامىر كۇيچىسى،
بۇگۇن هەممە تەلقىن ئېتىپ ئەسلىدۇق سىنى.
كۇيلىرىڭدىن ئەمدى هۇزۇر ئالىمىز دېسەك،
ئەجەل ئوقى تەگدى ساڭا ئاه جىسمىڭ قېنى؟

كەتتىڭ شائىر قالدى سېنىڭ ئوتلۇق كۈي سازىڭ،
كېزەر دىلدىن تېخى ھايات جۇشقۇن سېيماسى.
تاڭ سەھەردە لەۋ ياقفاندا بۇلۇت ۋە چوقفا،
كېلەر تورغاي… شائىرلارنىڭ ناخشا ساداسى.

باھار كېلىپ يېشىللىقفا چۆمدى بۇ زېمىن،
مېۋىسىدىن شاخ ئېگىلگەن بەرگى ياپيېشىل.
ئادەم ئۇچۇن ھايات دېمەك سەرەڭگە ئوتى،
ئۆچتى كەتتى، ئارمان ئىچرە تۇگىمەي مەنزىل.

بىپايان تاغ - ئېدىر ئىچرە قالدى ئىجادىڭ،
ھۇزۇر ئالدۇق ناخشا - شېئىرىڭ مۇڭلۇق كۈيۈڭدىن.
ئاسايىشلىق، خاتىرجەملىك ساڭا بولسۇن يار،
ئىزگۈ ھېسلار بۇژغۇنلايدۇ ئاشۇ قەبرەڭدىن.

## دادام باشلىق

(ھەجۋىي)

قىزىرىپ، تاتىرىپ بولدۇم خىجالەت،
بېرەلمەي دوكلات باشلىق ئالدىدا.
خىزمەت بار، ئورنۇم يوق، جاۋابكارى كىم؟
بارغۇم بار يىراقفا، «يىراق…» ساماغا.

نەچچە يىل خىزمىتىم ياخشى، بەك ياخشى،
ئىدارە — ئۆيۈمدە باشلىقىم دادام.
رېستوران، مەيخانا مېنىڭ ئىشخانام —
بۇ مېنىڭ خىزمىتىم، ئىشلىرىم تامام.

يېڭى بىر مىڭ يىلدا ئالماشتى باشلىق —
ھەيرانلىق ئىلكىدە قالدىم تېڭىرقاپ.
كۆرۈندى كۆزۈمگە تەلەتى سۆرۈن،
ئەمدى بۇ ئامەتلەر كېتەرمۇ يوقاپ.

## ھىجران مەھبۇسى

ئاق چوققىنىڭ ئۇ قېتىدىن كېلەر گۈزەل كۈي،
ئېھ، ئارمانلار دىل خانەمنى قىلماقتىلار تۈرمە.
ئىزگۈ ئارمان ھەم بار تېخى يۈكسەك بىر غايە،
تۇغ - ئەلەملەر نەگە كەتتى، رۇستەم[1] نەدە.
ئەمدى كەلمە، ئىسمىڭ بېھىش، بۈيۈك شاھنامە،
ئېھ، ئارمانلار دىل خانەمنى قىلماقتىلار تۈرمە.

ساقا قاراپ ئەسلەپ قالدىم بالىلىقىمنى،
ئېھ ئاق چوققا، گۈزەل قىزچاق قولۇڭنى بەرگىن.
مەرمەر تاشتەك پاك جىسمىڭنى قىلما سەن مەھبۇس،
ئەۋلادلىرىم تۇۋلاپ كېلەر مەغرۇرلۇقۇمنى،
ئىشق ئوتۇڭنى ئەمدى ھىجران يۈرەككە سالغىن،
ئېھ، ئاق چوققا، گۈزەل قىزچاق قولۇڭنى بەرگىن.

مەھبۇبەممۇ ساقا ئوخشاش مېنى سۆيىدۇ،
ئۇ ھەم ھىجران ئوتلىرىمدا مەندەك كۆيىدۇ،
سەن سۈكۈنات ئىچىدە چېكىسەن پىراق،
سەن—مەن، مەن—سەن، بۇ بىرلىشىش كىملەر بىلىدۇ،

---

① رۇستەمى داستان — ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ناملىق ئەسىرىدىكى باش قەھرىمان رۇستەم پالۋاننى كۆرسىتىدۇ.

مەھبۇبەمۇ يۈرىكىنى ماڭا بېرىدۇ.
ئۇ ھەم ھىجران ئوتلىرىمدا مەندەك كۆيىدۇ.

*نەسرلەر*

## ھايات مونولوگلىرى

ئەقىل يېشىمغا يېتىپ تەبىئەت قوينىدىكى مەۋجۇداتلار ئىـ چىدە تۈنجى بولۇپ مېنى ھەيران قالدۇرغىنى — ئۈپۈقتا ئوت چاقناپ تۇرغان قۇياش ۋە ئۇنىڭ زېمىن ئۈستىگە چېچىلغان چەكسىز تال - تال نۇرلىرى.

قۇياشتىن پارلىغان نۇر بىلەن كۆزلىرىمدىن ئوقچۇغان نۇر گىرەلىشىپ كەتتى.

تەبىئەت بۇ نۇرلارنى ماڭا يېپىنچا قىلىپ يېپىپ قويدى.
قۇياشنىڭ قىپقىزىل نۇرلىرى قەلبىمگە توپلانماقتا.

※ ※

دۇنيانى قاراڭغۇلۇق ۋە زۇلمەتتىن قۇتۇلدۇرغىنى نۇر ۋە يورۇقلۇق بولغىنىدەك قەلب غارلىرىمنى مەشئەل كەبى نۇرلانـ دۇرىدىغىنى جانانىمنىڭ جامالى.

گۈزەللەر بىلەن تەبىئەتنىڭ ھۆسنى كۈلىدۇ.

شەرم - ھايا بىلەن گۈزەللىكنىڭ قوشۇلۇشى چەكسىز ۋاپا- دارلىقنىڭ يورۇق مەشئىلىنى ئىنسانلارنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا تۇغرىلىماقتا.

※ ※

ھايات يوللىرىدىكى ئاددىي ۋە مۇرەككەپلىكنىڭ ئارىلىقى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدەكلا يېقىن تۇرىدۇ. تەپەككۇر ۋە ئارمانلار ھەمدەمدە بولغان ئىنسانغا غەيرەت - شىجائەتنىڭ مۇ-ھىملىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

ھايات يوللىرى — ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ سىرلىرى بىلەن دەۋرداش.

ھايات يوللىرى پۇل بىلەن سېتىۋېلىشقا بولمايدىغان ۋاقىت.

※ ※

تارىخ يولىنىڭ بىر ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم ئېتىراپ قىلغاندەك، ھايات يولىنىڭمۇ مەجنۇنلۇق قىسسىسى ئىكەنلىكىنى ھەممە ئېتىراپ قىلىدۇ.

※ ※

ھاياتنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى چەكسىزلىك تامان سوزۇلغان كۆرۈنمەس قاراڭغۇ ھاڭ. ئازابلارنىڭ يىلتىزى ئەنە شۇ قاراڭغۇ-لۇقتىن — نۇر يورۇقى چۈشمىگەن قەلبلەردىن بىخلىنىپ چىقىدۇ.

※ ※

ھايات روھى دۇنيانىڭ نۇرغۇن تەسەۋۋۇرلارغا سىغدۇرىدۇ. تەسەۋۋۇرلارنىڭ ئەڭ مۇشكۇلى تەلۋىلەر-نىڭ ئۆزگەرمەسلىكى.

سەن بىر ئۆمۈر ھاياتىڭنى سەۋر - تاقەت تەختىدە ئۆتكۈ-

زۇشنى نىيەت قىلىپ تۇرساڭمۇ، روھىي دۇنيايىڭدىكى ئۇنچىلەر رېئاللىقنىڭ شاۋقۇنلىرىدا بېسىقىپ قالىدۇ.

※ ※

تۇپراق جىمى ھاياتلىقنىڭ بۆشۈكى، ئۇنىڭ يۈزى قۇرغاق، چاڭ ـ توزانلارغا كۆمۈلگەن بولسىمۇ، تەكتى نەمخۇشلۇق كەيپىـ نى سۇرۇپ ياتىدۇ. شۇڭا، ئاياللارنىڭ قەلب قېتىدىن سۆيگۈ چېچەكلەپ قىرتاق خۇش ھىدلىرى دىماغقا ئۇرۇلىدۇ...

# سۆيگۈ چۇقانلىرى

## 1

مەن يامغۇردا يۈرگەن چېغىمدا، ئۇ يېنىمدا پەيدا بولغاندەك بىلىنەتتى ـ دە، بىر ـ بىرىمىزنى قولتۇقلاپ سەيلە قىلىشقا ماڭاتتۇق. يامغۇرنىڭ بىر خىل رىتىمدا شىۋىرلىشى مۇڭلۇق يۈرەكنىڭ ئازابلىق كۆز ياشلىرىنى ئەسلىتەتتى.

يوپۇرماقتىكى يامغۇر تامچىلىرى كۆز چانقىمدىكى ياشلارغا ئوخشاش تىترەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان كۈندىن باشـ لاپ، كۆرۈنمەس بىر يىپ ئۇچى مېنى ئۇنىڭغا باغلاپ قويغانـ دەك، ئېسىمدىن زادى كەتمەيدىغان بولدى. ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا بۇ ئىشقا ئۆزۈمنى سەۋەبسىز ئۇرۇپ كېتىش ھاجەتسىز ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قۇتۇلالمايتتىم. ھەر دائىم كۆرۈشكىنىمىزدە، كۆز چاناقلىرىدا دولقۇنلاردەك تەۋرىنىپ تۇرغان كۆلەڭگەمنى كۆرەتتىم ـ دە، ئۇنىڭغا چىديالماي قالاتـ تىم. يۈرىكىمنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ، شۇنداق ھەرىكەت قىـ لىشقا مەجبۇر بولاتتىم، نائىلاج ئىدىم.

## 2

سۆيگۈ! مەن سېنىڭ ۋىسالىڭغا تەشنامەن.

دىلدارىم، ماڭا رەھىم قىل. ئەگەر جامالىڭنى كۆرۈشكە نېسىپ بولمىسا، مېنى كۆزلىرىڭدىن چاچراپ چىققان كىچىك-كىنە ئۇچقۇن بىلەن كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەت ياكى زەھەر قويۇلغان قاچىنى مۇبارەك قوللىرىڭ بىلەن ماڭا تۇتقۇز. مەن ئۇنى تاتلىق شەربەتتەك بېشىمدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاندىن كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئىچىۋېتەي.

مېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىم ساڭا باغلانغان. ماڭا، مەن تەشنا بولغان سۆيۈملۈك لەۋلىرىڭنى بېغىشلا. مەن قانغۇچە شۈمۈپ قايتا ھاياتقا قەدەم قوياي. بولمىسا، مېنى ئۆز قولۇڭ بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەت! ئاندىن جەسىتىمنى يۇيۇپ - تارىساڭ قو-لۇڭدىن بەدىنىمگە تارىغان ئىپار پۇرىقى دوۋزاخنى خۇش پۇراق ھىدقا تولدۇرىدۇ.

بىلەمسەن، مېنىڭ تاش يۈرەك دىلدارىم.

مەن سېنىڭ ئالدىڭدا قانداق كەچۈرگۈسىز جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزدۈم. ساڭا قانداق ۋاپاسىزلىقلارنى قىلدىم؟

ئۇنداق قىلمىغىن دىلدارىم، مەن ئۆلسەممۇ روھىم سېنىڭ ئۈستۈڭدىن ئىسيان كۆتۈرىدۇ.

## بىۋاپا سەنەم

مەن سېنى تۇنجى قېتىم كۆرگىنىمدە، سەن تېخى ئېچىل-مىغان گۈل ئىدىڭ. سەن كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ بېلىقلارغا يەم تاشلاپ ئوينايتتىڭ. سېنىڭ گۈزەل جامالىڭنى سۇ ئەكسىدە كۆرسەم، ساڭا تىكىلىپ جامالىڭنى قانغۇچە كۆرگۈم كېلەتتى.

ئەپسۇس، پەقەتلا پېتىنالمايتتىم.

سېنى ئىككىنچى قېتىم كۆرگىنىمدە، سەن قەلب دەرۋازامنى ئېچىپ يۈرىكىمگە سىمابتەك سىڭىپ كىردىڭ.

ئاھ! ئاشۇ چاغلار ھېلىمۇ ئېسىمدە. كۆزلىرىڭدە نۇر، قولۇڭدا گۈل، بەرگى قىياق قاشلىرىڭ بىلەن مېنى كۈتۈپ تۇراتتىڭ.

مەنمۇ نۇرسىز كۆزۈم، جانسىز تېنىم بىلەن ئىلىلىق تىنىدىن ھايات يولى تېپىش مەقسىتىدە ساڭا يېقىنلاشتىم. لېكىن، نېمىشقىدۇر ئالدىڭدا ھەيكەلدەك قېتىپ قالدىم.

سەن ھايال بولمايلا كېتىپ قالدىڭ. مەن چۆل - جەزىردەلەردە بىھوش، بىخۇد ھالدا ماڭاتتىم. ھالسىزلانغان گەۋدەمنى سۆرەپ، سېنى ئاخىر ئاشۇ كۆل بويىدىن تاپتىم. لېكىن، سەن بۇرۇنقىغا پەقەتلا ئوخشىمايتتىڭ. ماڭا ناتونۇش بولۇپ كۆرۈندۈڭ. ئاھ...

سەن كۆل بويىدا ناتونۇش بىرسى بىلەن چاقچاقلىشىپ قاقاقلاپ كۈلەتتىڭ. مېنى كۆرسۈن دېگەندەك قىلىپ، ھەي تاش يۈرەك! قىلغان ئەقىدىلىرىمگە جاۋاب قايتۇرغىنىڭ شۇ بولدىمۇ؟

ئۈمىد - ئارزۇلىرىمنى يوققا چىقاردىڭ. ماڭا چەكسىز ئازاب، ئېغىر دەرد، ھىجران سوۋغا قىلدىڭ.

ئاھ! شۇ تاپتا سەن پەرىشتىدەك ئاپئاق كىيىنىپ يۇمران، قارا قوللىرىڭ بىلەن مېنى ئاستا - ئاستا بوغۇپ قىيناۋاتىسەن. لېكىن، مەن ئەجرىمگە ئېچىنماستىن، قاقاقلاپ كۈلگەن پېتى قىيالماستىن، نائۈمىد خوشلىشىش مىنۇتلىرىغا قەدەم تاشلاۋاتىمەن.

خەير - خوش، تاش يۈرەك بىۋاپا سەنەم، كۆللەرگە مەڭگۈ ھەمرا بولغايسەن!

بىلىقلارغا يەم بولغايسەن!

# شېرىن قەترىلەر

## 1

قاردەك… ئاپئاق پورەك ئاچقان قارلەيلىسى قۇياشنىڭ سىمابتەك سۆيگۈ نۇرلىرىدا هاياجاندىن بەرگ تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقىقان بولىسىمۇ، ئۆز هېسسىياتىنى يوشۇرۇپ، تارتىنىپ تىنمايۋاتاتتى.

قۇياشنىڭ ئاتەشتەك كۈچلۈك نۇرلىرى ئۇنىڭ لەۋلىرىگە سۆيگەندە، ئۇ تولغاندى، بەدىنىگە تىترەك ئولاشتىيۇ سىر بەرمىدى.

بۇ نېمىدېگەن نازاكەتلىك كۆرۈنۈش - هە!

## 2

— ئەي قۇياش سەن دەپ باققىنە، بەخت راستتىنلا ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە مەنسۇپ بولامدۇ؟

ئۇنداقتا، ئاشۇ سۆيۈملۈك دىلبىرىم نېمىشقا مەندىن يۈز ئۆرۈدى؟ سەن شۇ كۈنىمۇ بار ئىدىڭغۇ، ئۇنىڭ تەلۋىلەرچە سۆزلىرى يۈرىكىمگە خەنجەر ئۇردى. سەنمۇ ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ تاغ كەينىگە يوشۇرۇنغان ئىدىڭ.

ئەمما… ئەتىسى يەنە پارلاق نۇر چېچىپ زېمىن سۆيدۈڭ. ئۇنداقتا — مەن…

## 3

سېنىڭ ساما كۆكسىدە چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ تۈيۈق-

سىز نامەلۇم تەرەپكە ئېقىپ كېتىپ، ئۈن - تىنسىز غايىب بولۇشىدەك جىمغۇرلۇقۇڭ، بەرگىدىن ۋاقىتسىز ئۈزۈلۈپ چۈشكەن غۇنچىدەك، شاماللار ئەۋجىدە ساماغا كۆتۈرۈلۈپ يوقى-لىشىڭ، ئوۋچىنىڭ سالچولغا ئۇدۇل كېلىپ قالغان كېيىك بالىسىنىڭ هايات - ماماتلىق ئارىسىدا، زەردىگۆش بولۇپ قېچى-ۋاتقىنىدەك هولۇقۇشۇڭ — ماڭا مۇھەببەت ئاتا قىلدى.

ۋارىسجان ئاتىخان

# ئەڭ يېقىن ناخشىدۇر بەلكىم كۆز يېشى



ۋارىسجان ئاتىخان 1978 - يىلى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ تار تاجىك مىللىي يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1998 - يىلى قەشقەر تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ شوپۇرلۇق كەسپىنى پۈتكۈزگەن. ھازىر قوغۇشلۇق يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىشلەيدۇ.

ئۇ 1994 - يىلى ئىجادىيەتكە كىرىشكەن بولۇپ، ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا 200 پارچىغا يېقىن شېئىر ۋە نەسرلىرى ئېلان قىلىنغان.

## شېئىرلار

### تاشلىنىش

تاشلىنىپ قالاي مەن كۈيلەر ئەۋجىگە،
كەچمىشىم شەپەققە بەرسۇن لاتاپەت.
كۆزۈمدىن ئۇچماقتا داۋالغۇش كۈيى،
روھىمنى سەن ئۇۋا ئەيلىگەن سائەت.

سەرساندۇر يۈرىكىم شۇ قەدەر ئاچچىق،
يوپۇرماق تاشلايدۇ ئۇنتۇلغان قۇياش.
كۈل بولۇپ بارماقتا ئېتىقاد، ئارمان،
گوياكى قۇم باسقان شەھەرگە ئوخشاش.

بۇر ۇقتۇم ئورمانلار سىلكىنەر يېنىڭ،
قۇشلارنىڭ كۇلكىسى سۇنغان ئېھتىمال.
مەۋجۇتلۇق تىكىلگەن كۆزلىرىم بويلاپ،
بەزلەنگەن تۇرقۇمغا قويماقتا سوئال.

## سەرسانلىق

نېمە ئۇ بۇر ۇقتۇم، بۇر ۇقتۇم دۇنيا،
بىر مىسكىن خارابە ھەممە - ھەممىسى.
يىراقلاپ بارغاندەك كۆرۈنەر ئىسسىت،
ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى.

قەلبىمدە شۇ قەدەر سوزۇلماقتا يول،
ئېھتىمال دوقمۇشلار قالغان مۇڭسىراپ.
قارايمەن دالىغا، تاغلارغا پىل - پىل،
قارايمەن خىيالەن ئىستەكتە ئويلاپ.

يالقۇنغا ئايلىنىپ بارماقتا كۈتۈش،
يۈرەكتىن قىپقىزىل قانلار چاچرىتىپ.
يېگانە تۇرقۇمدىن تەرلىگەن ئازاب،
بەختىسىز كەچمىشنى كەلمەكتە يۇدۇپ؟

## خىيال كىردى بەلكىم ئۇ قىزغا

خىيال كىردى بەلكىم ئۈن - تىنسىز،
ئېھ ئالدىمدا ئولتۇرغان قىزغا.
قوڭۇر چېچى، شەھلا كۆزلىرى،
باھاردىكى قارلىغاچ گويا.

ئوتلۇق لېۋى تاتلىق پىچىرلاپ،
كەچمىشلەردىن سۆزلەر رىۋايەت.
ئويناپ تۇرغان قارىچۇقلىرىدىن،
چىقار ئۇرغۇپ ئاتەش ھارارەت.

خىيال كىرگەن چىرايلىق ئەي قىز،
سۆيۈملۈك سەن نېمانچە ئەجەب.
سېلىپ دىلغا يىگىتلىك ھەۋەس،
قاي بەختنى كۈتىسەن ئەجەب؟

## شېئىر يازار سۆيۈملۈك بىر قىز

شېئىر يازار سۆيۈملۈك بىر قىز،
ئاخشاملىرى يۇلتۇزغا قاراپ.
كىچىككىنە قەلبىگە ئۇنىڭ،
مۇڭلۇق كۈيلەر تولغان بىھېساب.

كۆزلىرىمدە ئۇچقان سېغىنىش،
خىيالىدا تاتلىق ئەسلىمە.
پىچىرلايدۇ كۆزنەككە ئۇنسىز،
كەچمىشلەردىن سۆزلەپ ھېكايە.

بەلكىم شېئىر سۆيۈملۈك ئازاب،
ئەڭ سەممىي نەرسىدەك گويا.
شېئىر يازار شۇ تاپتا بىر قىز،
قەلبىدىكى ئەڭ نەپىس قۇرغا.

# بەخت ئىزدەش

بەخت
يىراقلايدۇ ناتونۇش قىزدەك،
پەردىسىنى قايرىپ گۈگۈمنىڭ.
ئېقىپ كىرەر جىمجىت قەلبىمگە،
باھاردىكى سىم - سىم يامغۇر بوپ.

ئېزىپ قالدى نەدە چۈشلىرىم،
خىيالىنى قويۇپ بېشىغا.
ئۇخلاپ قالغان غېرىب ئۈمىدتەك،
ئەگەشمەكتە بېھوشلۇق ماڭا.

مەست قىلماقچى مېنى شۇ تاپتا،
ماڭا تونۇش شەھەر كوچىسى.
ئۆلپەتلىرىم تەبرىكلەپ تۇرۇپ،
ئىچەر سۇدەك كومزەكلەپ مەينى.

مۇڭلۇق ناخشا ئېيتمىغىن ئەي قىز،
مەن مەست بولۇپ قالمىدىم تېخى.
قۇيۇپ تۇرغىن رومكىغا لىقلاپ،
ئۈزۈلدۈرمەي شېشىدىن مەينى.

بەخت بەلكىم ناتونۇش قىزدۇر،
كېلەر بىر كۈن ئۇ مېنى يوقلاپ.
باھاردىكى سىم - سىم قەلبىمگە.

## غېرىبلىق

قۇت تىلەيمەن بەختىڭگە سېنىڭ،
گەر ئىشقىڭدا چەكسەممۇ ئازاب.
ھەر ئاخشىمى سۇرىمەن خىيال،
ئېھ، چاقنىغان يۇلتۇزغا قاراپ.

يالغۇز ھۇجرا يۈرىكىم بىلسەڭ،
تاملىرىدىن تۆكۈلەر سوغۇق.
ئاي پارلىغان چىرايلىق ئاخشام،
شىپىلدايمەن ئاق چاشقان بولۇپ.

ھەسرىتىمنى قۇچاقلاپ بۇندا،
قالماقتىمەن كىملەرنى ئەسلەپ؟
قار ياغماقتا شۇ قەدەر ئاچچىق،
بەلكىم تالاي سىرلارنى سۆزلەپ.

## ئېھتىمال سېنى دەپ...

ئېھتىمال سېنى دەپ كېتەرمەن بىركۈن،
بۇ ھايات يولىدىن جىمجىت پەرىشان.
غالىبلىق ئۇرغۇغان تاغلارغا قاراپ،
بىر ئۇنسىز تىلەكتە شۇنچە غېرىبان.

دەرەخلەر سۆزلىمەس يەنىلا ماڭا،
ئۇچەيدەك سوزۇلۇپ ياتار قەدىم يول.

كۆكتاتلار قاپلىغان داللارنى ھەم،
مۇڭلانغان غېرىبلىق، ئۇزارماقتا قول.

ئەڭ يېڭى سىردىشىم، ئەي يېڭى ئازاب،
سارغايغان قەلبىمگە سىڭمەكتە ئاستا.
ئېھتىمال سېنى دەپ كېتەرمەن بىر كۈن،
قوغلانغان مەھبۇستەك پىچىرلاپ بۇندا.

## سەھرادىكى مۇئەللىم قىزغا

سەھرادىكى ساددا مۇئەللىم،
ئامانمۇ سەن، تىنچلىق سالامەت.
جەنۇبتىكى تاغلىق شەھەردىن،
مەكتۇپ يازدىم ساڭا بۇ نۆۋەت.

ئىزلىرىڭغا تۇرار نۇر تۆكۈپ،
پىچىرلىشىپ تاڭدا سەبىيلەر.
بوغۇنلارنىڭ گۈلدەك قەلبىگە،
مېھىر تۆكۈپ كىرسەڭ ھەر سەھەر.

قاقشاتقاندۇ سېنى ئېھتىمال،
سەبىيلەرنىڭ كەپسىز قىلىقى.
ئەسلىگەنسەن سەنمۇ شۇ قەدەر،
ئېھ، ئۇلاردەك يۇمران چېغىڭنى.

يىللار ئۆتەر بەلكىم ئاشۇنداق،
يىراقتىكى ئانا سەھرادا.
سەھرادىكى ساددا مۇئەللىم،
سېغىنغان سەن مېنى شۇ تاپتا.

پۇتەي دىدى بۇ يىل ئوقۇشۇم،
ئارىلىقى چەكسىز يىقىنلاپ.
سىغىنىشقا تولغان دەملەردىن،
مەكتۇپ يازدىم ساڭا بىغىشلاپ.
پۇتەي دىدى بۇ يىل ئوقۇشۇم،
ئارىلىقى چەكسىز يىقىنلاپ.
رەنجىمىگىن شۇڭا پەرىشتەم،
مەكتۇپ يازسام ساڭا بىغىشلاپ.

## N غا…

مەن ئۇچۇن ناھايەت چىرايلىق قىزسەن،
شوخ، ئوماق تۇرقۇڭنى قالدىم ياقتۇرۇپ.
ئەيمىنىپ گاھىدا قاراپ قويىسەن،
قەلبىمدە بىر تاتلىق ئازاب قالدۇرۇپ.

كىيىكتەك تاقلىشىڭ، ئەركە خۇلقىڭ،
ھاياتلىق چۇشىگە بىرەر ئىنزاھات.
سىغىنىش ئويغاتسا ھەمدە قىلىقىڭ،
ئالدىڭدا بىر سەبىي بالىمەن ھەيھات.

قارايمەن شۇ تاپتا كۆزۈڭگە، ساڭا،
بىر ئوتلۇق تىلەك بار يانار لاۋۇلداپ.
دۇنيادىن ئۆتەرمەن بىر ئۆمۇر تەنھا،
سۆيۇملۇك ئەي قىزچاق ئىسمىڭنى يادلاپ.

## ئاخىرقى مەكتۇپ

سەن نە هالدا يۈرسەن ئەجەب،
مەن سېغىنغان سۆيۈملۈك ئەركەم.
قار چۈشمەكتە بۇ يەرگە لەپ - لەپ،
بىر كەچمىشنى ئېيتقاندەك هەردەم.

بىلسەڭ هايات ئۆتمەكتە بۇندا،
ئۇچۇم بولغان قۇشلارغا ئوخشاپ.
دان ئىزدەيدۇ شۇ تاپتا ئۇلار،
گويا يوقسۇل قەلبىمدەك يىغلاپ.

هەسرەتلەرنىڭ ئىشقىدىن بەلكىم،
يازماقتىمەن ئاخىرقى مەكتۇپ.
غېرىبلىقنىڭ باغرىدا سەرسان،
بىر ئىلاهىي هېسلارغا چۆمۈپ.

*نەسرلەر*

## بوۋامغا خەت

بوۋا ماڭا ئېيتىپ بەرسەڭچۇ، ئاشۇ نۇرلۇق ئىستەكلەر بىلەن تولغان ئاجايىپ سىرلىق، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان مەرۋايىتتەك چۆچەكلىرىڭنى، مەن هەممىنى ئۇنتۇغان هالدا بىر - بىرلەپ ئاڭلاپ ئۆتەي. قاغجىرىغان يۇمران قەلبىم باهار سۈيىگە

تەشنا بولغىنىدەك، مەنمۇ سىنىڭ مۆجىزىلەر پەيدا بولىدىغان قىززىق چۆچەكلىرىڭ بىلەن يېڭى ھايات ئالىمىگە قەدەم تاشلاپ ئۆمۈر مۇساپەمنى باشلاي.

قېنى ئەمىسە ئېيتقىن بوۋا، شۇ تاپتا سىنىڭ چۆچەكلىرىڭنى ئاڭلاشقا، كۈن بويى كۆكتە جىمىرلاپ تۇرىدىغان سان-ساناقسىز يۇلتۇزلار، يەنە سۈتتەك ئاپئاق نۇرىنى ئايىماي تۆكىدىغان ھىلال ئايمۇ ئېيتىپ بېرىشىڭنى خۇددى ماڭا ئوخشاش تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە. ھەتتا ئالا ئاسلىنىممۇ بېشى بىلەن قۇيرۇقىنى ماڭا سۈركەپ قېشىمدىن كېتەلمەي ئېيتىپ بېرىشىڭنى تىلىگەندەك مىياڭلاپ ئەركىلىمەكتە. ئېيتقىن بوۋا، مىڭ بىر كېچىدىن تارتىپ ئۇچار گىلەم، ئۇر توقماقچە بولغان ئاجايىپ-غارايىپ چۆچەكلىرىڭنى، مەن ئۇخلاپ قالغىنىم يوق، بوۋا، مەن ئاشۇنداق چۆچەك خۇمار بالىمەن، سىنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس چۆچەكلىرىڭدىن تېنىمگە بال-شەربەت تۆكۈلىدۇ. ئىرادەمنى چېنىقتۇرۇپ مېنى باتۇر، قەيسەر، قورقماس ئادەم بولۇشقا ئۈندەيدۇ. سىنىڭ ئاشۇ يېقىملىق چۆچەكلىرىڭ بىلەنلا ئۆزۈمنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىمنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىپ گۈزەل ئەتىنى قۇرۇش ئۈچۈن مەغرۇر قەدەملەرنى ئالالايمەن.

بوۋا، ماڭا چۆچەك ئېيتىپ بەر، چۆچەكلىرىڭنى شۇنچە ئاڭلىغۇم كېلىدۇ.

## پىنھان پىكىرلەر

### 1

قۇياش زېمىننى يورۇتقان بىلەن نېمىشقا ئىنسان قەلبىدىكى قاراڭغۇلۇقنى يورۇتالمايدىغاندۇ؟

## 2

مەن مۇھەببەتنىڭ نىمىلىكىنى بىلمەيتتىم. ئەمما، باھاردىكى يۇمران مايسىدەك قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن، كۈندىن - كۈنگە بىخ سۈرۈپ چىقىۋاتقان سۆيگۈنىڭ ئۆز كارامەتىنى كۆرسىتىشكە باشلىغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

## 3

مەن نىمىشقا شۇنداق ئاجىز يارىلىپ قالغاندىمەن. ئەگەر تەڭرى مېنى شامال قىلىپ ياراتقان بولسا ئىدى، ھەر كۈنى تەبىئەتنى ئايلىنىپ، سالقىنلىق ئەكەلگەچ سېنىڭ چاچلىرىڭنى ھىدلاپ ئارمىنىمغا يەتكەن بولاتتىم.

## 4

ئانا ئەتە مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم، سەن ماڭا سوۋغات ئالىمەن دەپ ئاۋارە بولماي، ئەڭ مۇھىمى ئاشۇ يېقىملىق ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتىپ بەرگىن. بۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ ئالىي سوۋغا.

ۋاھاپجان قۇربان

# ياپراقلارغا ئايلانغان دۇنيا



ۋاھاپجان قۇربان 1980 - يىل 8 - ئايدا ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ تار تاجىك مىللىي يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1998 - يىلى قىزىلسۇ دارىلمۇئەللىمىنى پۈتكۈزۈپ، تار تاجىك مىللىي يېزىسىغا تەقسىم قىلىنىپ، ئوقۇتقۇچى بولغان. ۋاھاپجان قۇربان «شىنجاڭ ياشلىرى» ، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ، «شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان.

ئۇ 2001 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدا تىل - ئەدەبىيات كەسپى (تولۇق كۇرس) بويىچە بىلىم ئاشۇرۇۋاتىدۇ.

## شېئىرلار

### تاجىكنىڭ قېنى

زېمىن ئارا ھاياتلىق ئارا،
سىرغىپ چۈشتى تاجىكنىڭ قېنى.
قان
قىزىللىقنى قىلار نامايان
ئوتلۇق شەپەقتەك
شەپەق نۇرى قىزارتىدۇ پۈتۈن دۇنيانى.

ئاھ!
مەڭگۈلۈك ۋەتەن
سەن مېنىڭ تامچە قېنىم.

## ھەقىقىي ئۆي

چوقۇلايدۇ روھىمنى ئۇنسىز
جەنۇبتىكى قاراڭغۇ مازار.
يوللار يىراق، ئارىلىق يېقىن
قوللىرىم
ئېگىز ئۆسكەن چىنار شېخىدىن
قۇش ئۇۋىسى ئىستەيدۇ بىراق —
شام
تۇگەش ئۈچۈن كۆيەر لاۋۇلداپ.
مەن
ئۇخلاش ئۈچۈن خىيال سۈرىمەن
شىمالدىكى قايناق شەھەردە
بارلىقىمنى يوتقانغا بۆلەپ.

ئاڭلانمايدۇ كەچلىكى ئەمما،
كۈركىرىغان پاقىنىڭ ئۈنى
چېكەتكىمۇ كەلمەيدۇ يوقلاپ
بەكلا رەتسىز ئۆمۈچۈك تورى
كىملەرنىدۇ كۈتىدۇ تەكرار
ئاڭلىنىدۇ سۈكۈت ئاۋازى.

ئۇخلاپ قالسام ناۋادا ئۆيۈم،
چۈشلىرىمدە يوقلاپ قويۇڭلار.

غېرىب، رەتسىز، ئاجىز كۆلبەمنى
دەم تۇتۇلماس كۆلبەمدىن لېكىن.
تار
سەن مېنىڭ ھەقىقىي ئۆيۈم.

## چۈشەپ قالسام سېنى ناۋادا

(ئادىل تۇنىيازغا تەقلىد)

تۇن پەردىسى كېتەرمۇ يوقاپ،
چۈشەپ قالسام سېنى ناۋادا.
بىر خىيالىي ھەۋەسلۇق بىرلە،
چېكىلەرمۇ قەلبىم سابادا.

سەن چۈشۈمگە كىرگەن شۇ كېچە،
كۆز ياشلىرىم چۈشەرمۇ سىرغىپ.
ياكى ھەسرەت يېنىپ كۆزۈمدىن،
بىر نۇقتىدا قالارمۇ قېتىپ؟

ئاي مۆكۈنەر ھۇجرامغا چوقۇم،
سەن چۈشۈمگە كىرگەن شۇ مىنۇت.
رېئاللىقىم تەتۈر قىسمىتىم،
دەيدۇ ماڭا ھەممىنى ئۇنۇت.

ئارمانلىرىم چىقىدۇ بىخلاپ،
چۈشەپ قالسام سېنى ناۋادا.
خۇشاللىقىم تېپىچەكلەر چوقۇم،
ماڭا تېگىل بولغان باھاردا.

كۆلۈپ چىقار مەن ئۈچۈن قۇياش،
زەر نۇرىنى تۆكۈپ دۇنياغا.
جۇدالىقتىن پۈتەر شۇ كېچە،
ئۆتۈپ كەتكەن چۆچەكلەر ئارا.

## مەھكۇملۇق بايانى

مەھكۇم بولدۇم
تۇن ئارا، قان ئارا، جان ئارا
قىرتاق، ئاچچىق، يالغان كەچمىشكە.

مەن
سەككىزىنچى ئەسىردىكى ماي بوياق رەسىم
سۇ بوياق رەسىم
ئۆڭۈپ كەتتىم سىرغىشلار تامان.

تامچىلايدۇ يۈرەكتىن ئارمان
مەھكۇملۇقنىڭ ھەربىر بېتىگە
ھۆسنخەتتەك نەقىشلەر ئارا
ئارزۇلىرىم كېتەر سىڭىشىپ.

## سايە ئىزدەش

جاننىڭ سايىسى نېمە؟
قاننىڭ سايىسى نېمە؟
قەشقەر ۋاقتى سائەت ئون بىردە
سايە ئىزدەپ يۈردۇم بىر مەھەل

ھېيتگاھنىڭ پۇرجەكلىرىدىن
قۇياش نۇرىدا
يالتىرايدۇ ھېيتگاھنىڭ ئالتۇن نەقىشى
ھېيتگاھنىڭ سايىسى چۈشتى بېشىمغا.
قىش ۋاقتىدا
چوڭ ماشىنىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سەپەر قىلماق
بەسى مۈشكۈل
ماڭا ئامال يوق بۇنىڭدىن بۆلەك.
تار①
دۇنيانىڭ چېتىدە قالغان تاشلىنىپ
بىغۇبار زېمىن
قانائەتكە تولغان ئادەملەر
ھەمدۇ - سانا ئېيتار تەڭرىگە.
تار
ئېگىز تاغلارغا يېزىلغان تارىخ
سۇلارغا ئۇدۇم ئۆركەشلەر
سۈكۈتلەرگە ئايلانغان ھايات.
تار
تاغنىڭ سايىسى چۈشتى بېشىمغا
سۇنىڭ سايىسى ئۆركەشلەيدۇ
سايلار باغرىدا.
تار ۋاقتى سائەت ئالتىدە
قۇياش ئۆزىنى ئالار تاغلار كەينىگە
مەن
سەن
ئۇ

① تار — ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ تار تاجىك مىللىي يېزىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ھېس قىلىپ باقمىغان ئاجايىپ سۈكۈت
سىرغىپ كېرەر كۆڭۈل قەسرىگە.
كېچە
سايىسىنى ئەللەي ئېتىدۇ
كارىۋىتىغا بۆلەيدۇ سېنى
سەن ئويلايسەن
جانىنىڭ سايىسى نېمە؟
قانىنىڭ سايىسى نېمە؟

## ساراڭغا ئىچ ئاغرىتىش خاتىرىسى

قاپقارا توننى كىيدى بىر ئادەم
ئۇ ئەرمۇ ئەمەس، ئايالمۇ ئەمەس
يىپيېڭى ئادەم
ئۇ بۈگۈن كەچتە ئۆلىدۇ چوقۇم
ئەزرائىل
ئۇنى ئىزدەۋاتقىلى بولدى نېكەم.
ئېگىز ئۆسكەن ئارچا تۈۋىدە
بىز ئۇچراشتۇق ئۇن - تىنسىز
مەن ئۇنىڭدىن سورىدىم «تەلەي نېمە؟» دەپ
ئۇ
كۈلۈپ كەتتى خىرقىراپ بەك سەت.
كىيىمىنى سالدى ئازادە
پۇتلىرىنى سوزدى ئالدىغا
كۆزلىرىنى يۇمدى خىيالى
ئەڭ ئاخىرقى ھايات بېتىدە.
ئۇ
ئارچا تۈۋىدە

ئەزرائىلنى كۈتەر ئۈن - تىنسىز
كېچە
ئۈنىڭغا تۈتماقتا ماتەم.

## ياپراقلارغا ئايلانغان دۇنيا

توغرا ئەمەس سېنىڭ ماڭا كۆيۈپ قالغىنىڭ،
خاتا ئەمەس مېنىڭ سېنى سۆيۈپ قالغىنىم.
تۇيغۇ
ئەڭ ئەشەددىي ھەم شېرىن بىر تۇيغۇ
ئېتىقادىمنىڭ قاتىلى بولۇپ
ئۇچۇپ كىرەر ۋۇجۇدۇمغا.
رەڭلەر
ئاق، قىزىل، قارا، سېرىق، كۆك. . .
ھەي
مىسكىنلىك تۇرىدۇ چاقناپ
يىراق ئەمما يېقىنلا جايدىن.
كۇز
مەن تۆكۈلگەن، سارغايغان يوپۇرماقلارنى تېرىمەن
ياپراقلار چۇشىدۇ توختىماي
ياپراقلارغا ئايلانغان دۇنيا.

## كېچە سائەت 12

چۇش ئىزدەيمەن كېچە قوينىدىن
كېچە سائەت 12
كۇلبەم ئارا سويلايدۇ خىيال

تەنها ئىكەن كېچىمۇ تۇۋا،
تىنىش، خورەك... ھەممىسى گۇۋا.

كېچە
قەبرىستاندا ياتقان گۈزەل قىز
قەبرە تۇنۇش، گۈزەل ناتونۇش،
ۋۇجۇدۇمنى قىلار مەھلىيا.

قۇچاقلىغۇم كېلەر سائەتنى
قۇربىم يەتمەس ماغدۇرۇم تامام.
ئايلىنىمەن بەلكىم كېچىگە

كېچە سائەت 12 بولدى
مېنىڭ قەلبىم كۆز ياشقا تولدى.

## يالىڭاچ سەھەر

كارۋانلار ئىزىدىن كېلەر بىر شەپە،
كۆرۈنمەس قاپقارا نۇرلار لەھزىدە.
بەك ئۇزۇن يوللارغا كۆمۈلگەن سۈكۈت،
قۇملۇقلار تەكتىگە كۆمىدۇ سايە.

ھەر سايە ئۇركۈيدۇ كارۋان يولىدىن،
يوقىلار بوشلۇقتا لەيلىگەن ئىستەك.
كولدۇرما ئاۋازى يوقىلىپ ئاستا،
بىلىنەر ھەر ھېستا خىيالىي چۈشتەك.

مەڭگۈلۈك بەختنى چۈشەيدۇ بىركىم،
خىيالىي نەپەستە سايرايدۇ بۇلبۇل.

ئۈزۈلگەن، سارغايغان يوپۇرماقلاردەك،
كۆرۈنەر بوۋامنىڭ ئىزى قالغان يول.

جىسمىمنىڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىدا،
بىر قەدىم روھ پەسلى مېنى پەپىلەر.
ھاياتنىڭ قەدىرسىز ئاھاڭلىرىغا،
كۈي قوشار ناز بىلەن يالىڭاچ سەھەر.

## قان

كۆرۈنمەكتە شەپەق كۆزىدەك،
ئاتلار چاپچىپ كىشنىگەن زېمىن.
ئاڭلانماقتا رۇستەم كۈيلىرى،
جەڭگاھتىكى دۈشمەنلەرمىكىن.

ئەجداد ئىزى كۆمۈلگەن تۇپراق،
ئۆچمەس تارىخ ياتار قۇچاقلاپ.
قانغا تولغان زەڭگەر كۆزلەردىن،
خىرە ئۈمىد يانار چاراسلاپ.

چىرمىۋالدى قەلبىمنى شۇدەم،
بۇركۇت ئۇچقان سۆيۈملۈك ئاسمان.
يوللىرىمنىڭ ئەگرىلىكىدىن،
قارىچۇقۇمدا قېتىۋالار قان.

## جانمۇھەممەد ئەلىقۇلزادە

# بۇركۇتمەن



جانمۇھەممەد ئەلىقۇلزادە 1978 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تاشقورغان ناھىيىسى تىزناپ يېزىسىدا بىر خەلق ساقچىسى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1985 ـ يىلىدىن 1996 ـ يىلىغىچە ئۆز يېزىسى ۋە ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1996 ـ يىلىدىن 2001 ـ يىلىغىچە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئۇ ھازىر تاشقورغان ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەيدۇ.

## شېئىرلار

### ئۇستاز ئىزى

(مەرھۇم شائىر ئىسھاق ئازارەنى ئەسلەپ)

ئاۋامغا قىبلىگاھ ئىدى قەلىمىڭ،
پەيۋەستە دىللارغا سۆزلۈك ـ ھەسلىڭ.
تەشناغا چۆلدە سۇ، زۇلمەتكە مەشئەل،
ھېكمەتكە لىق تولغان ھەربىر غەزلىڭ.

يۇلتۇز بوپ نۇر چاچار ئىدى لىرىكاڭ،
سەن بولغاچ كېچىمۇ سېزىلەتتى تاڭ.

ياڭرىسا يېقىملىق ناخشا - سازلىرىڭ،
جىم تۇرۇپ ئاڭلايتتى ھەتتا توزان - چاڭ.

ئاجىزمەن تەرىپىڭ سۆزلەشكە تولۇق،
ئىجادىڭ بەتلىرى بىز ئۈچۈن ئوزۇق.
سەن ماڭغان يوللاردىن ئۈنگەي گۈل - چېچەك،
چۈنكى سەن چاچقانغۇ قەلبلەرگە ئۇرۇق.

ئىزىڭدىن خۇش پۇراق تاراتسۇن كېكنۇر[1].
ئۈمىدۋار روھىڭدىن تاپقاي ئاۋام يول.
تاشاتتى شۇ چاغدا ئەلدىكى شادلىق،
سابادا ناۋا قىپ سايرىسا بۇلبۇل.

سەن ئېيتقان: «گۈلسۈرەت»[2]ۋاپادار جانان،
پورەكلەپ ھەرقاچان بولمايدۇ خازان.
مەزمۇت قەد كۆتۈرەر: «ئافەرسىيۇپ»[3]ىڭ،
ئۆمۈرلۈك سىردىشى بولغۇسى ئاسمان.

كۈي بىلەن سەن ئاچقان يول يىرتىپ بۇلۇت،
پەرۋاز قىپ ئۆرلىدى شۇ يولدا بۇركۈت.
مىسرالار ھەيكىلىڭ بولسۇن ئەبەدىي،
خەلقىنىڭ قەلبىدە سىيماھىڭ مەۋجۇت.

بۇ جاھان بىر ئۆتەڭ ئادەملەر كارۋان،
شۇ سەۋەب سىنىڭمۇ دىدارىڭ پىنھان.
ئاھ! ئۇستاز سېغىنسام قىلاي نەچارە،
ئىلاجىم ئىز بېسىپ ماڭاي ناگۇمان.

---

[1] كېكنۇر — تاغدىكى بىر خىل گۈل ئىسمى يەنى كېكنۇر گۈلى.
[2] [3] شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ نامى.

# سەرىكوي

سالام ساڭا ئەزىزىم دىل باھارىم سەرىكوي،
مەيلىم تارتقان ھۆسنىڭگە گۈل نىگارىم سەرىكوي.
مېنى پەرۋىش ئەيلىگەن ۋاپادارىم سەرىكوي،
نەدە بولماي ئەيتاۋۇر خېرىدارىم سەرىكوي.

توپاڭ گويا تۇتىيا بەر كۆزۈمگە سۇرتەي مەن،
تەرىپىڭ كۆپ بارچىنى قۇربىم يەتسە سۆزلەي مەن.
ئىزلىرىڭدىن گۈل يىغىپ تارىخىڭنى بېزەي مەن،
قانات بەرگەن ئەزەلدىن مەدەتكارىم سەرىكوي.

يىراقلاردىن سېغىنىدىم تاقىتىم يوق، سەۋرەم يوق،
«مۇز تاغ ئاتا» ئالدىدا تۇرغۇدەك بىر تېغىم يوق،
سەن جان بەرگەن تېنىمگە سەندىن تانار يېرىم يوق،
كۈي ئەۋجىمنى ياڭراتقان يۈرەك تارىم سەرىكوي.

«جەننەت» دېسە سەرىكوي مەن سېنىلا ئەسلەيمەن،
گۈلزارىڭدا سەيلىنى چىن دىلىمدىن ئىستەيمەن،
چاڭقاقلىقتا ئىسمىڭنى يادلىمىسام ئۇسسايمەن،
ماڭا ھۇزۇر بەخش ئەتكەن دىل قانارىم سەرىكوي.

ئېجىل - ئىناق ئادىمىڭ، مەرۋايىتتۇر تاغلىرىڭ،
ۋۇجۇدۇمنى مەھلىيا ئەتكەن گۈزەل باغلىرىڭ،
تېتىملىق بەك خىل ئوزۇق ھەمدە سېرىق ياغلىرىڭ،
سەندە ئۆتكەن باياشات روزىگارىم سەرىكوي.

# غەزەللەر

## 1

شۇنچە كۈتسەم قارىماي، كۆڭلۈمنى تەسكىن ئەيلىدىڭ،
ھېچ ئاياپ قويماي يۈرەكنى دەسسىدىڭ، ئاھ، چەيلىدىڭ.

بىر ۋىسال كۆرمەك بولۇپ، سۆيگۈگە چۆكتۈم غەرق بولۇپ،
سەن ئۈزۈپ قىرغاق تامان مەندىن يىراقلاپ لەيلىدىڭ.

مەن ساڭا تەزىم قىلىپ تۇپراقنى سۆيدۈم دۈم يېتىپ،
قىلچە رەھىم قىلمىدىڭ خورلاپ مېنى ئۆگەيلىدىڭ.

ئىشىكىڭدە ئىت بولۇپ ياتماققا كەلسەممۇ رەفىق،
پارچە نان تاشلاشتا يوق تىللاپلا ئەجەب ھەيدىدىڭ.

بىر تىيىن ئەلۋەتتە سەن بەرسەڭمۇ نان - ئالتۇن مۈلۈك،
نەئەجەب كۆڭۈل بېرىپ جانىمنى ئالساڭ مەيلىدىڭ.

ئىشقىڭدا گۈلخان بولسىمۇ، تولدۇر مەگەر جانەك شۇئان،
زەرە پەرۋا قىلمىغاچ كۆڭلۈمنى پارە ئەيلىدىڭ.

## 2

تۇۋلىدىم ناخشام چالا بوپ «خوش بەنەمەك»[1] پۈتمىدى،
بەرمىدى بوي شوخ خىيال تۈس ئالدى تەنتەك پۈتمىدى.

---

① بەنەمەك — ناخشا نامى.

مەن ئۈسسۈلغا چۈشكىنىمدە تار كېلىپ مەيدان ماڭا،
ياسىدى باشتىن لېكىن، مەن ئويلىغاندەك پۈتمىدى.

مەن چەۋەنداز بولمىدىم ئاتقا مىنىپ چاپسامۇ گەر،
كۆزلىرىم پەتتە[1] لېكىن، مەندىكى ئىستەك پۈتمىدى.

كەلدىم دىلبەر ھۇجرىسىدىن مېھمانلىقىمنى قايتۇرۇپ،
غەش بۇ دىل مەگەركى ئۇ ئېيتقان مۇبارەك پۈتمىدى.

ئۈز دېدى ئۈزۈلمىدى، قىپقالدى مېھرىم سۆرىلىپ،
توق بولۇپ ماڭاي دېدىم، ئاچ قالدى يۈرەك پۈتمىدى.

كىم دېدى ئاچ كۆز مېنى ھېچكىم چۈشەنمەي جۆيلۈدى،
ئاتەشىڭدە دىل كاۋاپ، ياڭراق بۇ «فەلەك»[2] پۈتمىدى.

مەن سېنى كۆرەرگە كەلگەن، سەن بولۇپسەن تويغا بەند،
جاۋابى دىلنىڭ بىر سېنى باسقاچقا ئەسنەك پۈتمىدى.

كەل دىدارىڭنى كۆرەي، بەشلا دەقىقە ئۆتۈنەي،
مەن كاۋاپ بولدۇم ئاشىق ھېچ ئەينى مەندەك پۈتمىدى.

چىن يۈرەكنى تەڭلىدىم سوۋغىغا جانان سەن ئۈچۈن،
چۈنكى كۆڭلۈڭ ئالغۇدەك ئېسىل دىۋىرەك[3] پۈتمىدى.

---

① پەتتە — ئوغلاق تارتىش مۇسابىقىسىنىڭ مۇكاپاتى.
② فەلەك — غېرىبلىق ناخشىسى.
③ دىۋىرەك — تاجىك قىزلىرىنىڭ زىننەت بۇيۇمى.

مەن كېتەي، قالدى يۈرەك سەندە ئامانەت ساقلىغىن،
زوقلىناتتىم مەنزىرەڭ ھەسەن - ھۆسەندەك پۈتمىدى.

ئاشىقلىڭ مەن بىر ئۆمۈر جاننى جانانغا ئاتىغان،
دىل خانەم ئەسرارىغا سىنىڭدىن بۆلەك پۈتمىدى.

چىن ئەقىدە پەسلىدىن كەلدىم بېغىڭغا گۈل تېرىپ،
تاكى سەنسىز يايرىغان كۆردۈڭمۇ جانەك پۈتمىدى.

## ئەسلىمە

چىغىر يولدا ماڭىمەن يالغۇز،
خىيال سۈرۈپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق.
كۆپ سۆزۈم بار ساڭا دەيدىغان
دىدارىڭسىز ئاغزىمدا تۇۋاق.

قاياقلارغا كەتتىڭكىن رەنا،
ئاۋازىڭنى مەندىن يوشۇرۇپ.
مېنى قىلىپ سەرسان - پەرىشان،
خۇشلۇقۇمنى تەتۈر كۆمتۈرۈپ.

بىزگە ھەمرا بولغان سۆگەت تال،
قېرىپ قاپتۇ يېگانە غەمكىن.
بىراق ئېقىپ كەپتۇ ھېلىمۇ،
ساپ سۆيگۈمىز شاھىتى ئېقىن.

قاراپ قويدى ئاسماندىكى ئاي،
بۇرۇنقىدەك بولغانچە ھەيران.

سەن چوقۇنغان قارىغاي دەرىخى،
تاغ باغرىدا تۇرار باراقسان.

پەقەت جانان سەن يوق يېنىمدا،
شۇڭا غەمكىن ھەم دىلىم سۇنۇق.
ئۆز ئىلكىگە ئالدى ئەسلىمە،
باغرىم تىلدى ھىجران ئاتقان ئوق.

## بىر تال مەرۋايى[1] گۈل

دىلبەر بۈگۈن تۇغۇلغان كۈنۈڭ،
كۈندۈز ئۆچۈن باش ئۇرغان تۈنۈڭ.
خاس روھ سۆيۈپ ئەزىز تېنىڭنى،
شاد كۈلكىگە قېتىلغان ئۈنۈڭ.

تەبەسسۇم قىپ قاقاقلاپ بىر كۈل،
مۇھەببەتتىن يايرىسۇن كۆڭۈل.
يېقىن دىلغا شاھىت بولسۇن دەپ،
سوۋغا قىلدىم بىر تال مەرۋايى گۈل.

## شائىر ۋە دىلدار

ئېلىپ قېچىپسەن ئۇيقۇمنى دىلدار،
سېغىنىشقا قىلغاندەك خۇمار.
دىل ئارامىم بوپ قالدى غايىب،
تۇرغان تۇرقۇم بۇزۇلغان ھەيكەل.

---

[1] مەرۋايى گۈل — بىر خىل تاغ گۈلى.

يەكتەنلىكتىن بولدۇم جاق بىزار،
سەن بولمىساڭ بىدارمەن بىدار.

جىمجىت كېچە ئىلكىدە ئالەم،
مۇڭغا تولۇپ كېتىدۇ خانەم.
كىم بىلىدۇ يالغۇز بىر شائىر،
ئۇيقۇسىدىن ۋاز كېچىپ تۇگەل.
ئاق شام بىلەن بولغۇچە دەرقەم،
خىيالىدىن ئۆتكۈزەر قەسەم.

## ناتايىن

ئادەم تۇرۇپ ئالتۇنغا سېتىلىشىم ناتايىن،
ئوربىتامدىن بىقارار تېيىلىشىم ناتايىن.
بىراۋ كەبى خارلىنىپ، نام - ئەمەلگە بېقىنىپ،
ئەمەلدارغا دۇم يېتىپ قىينىلىشىم ناتايىن،
ئوربىتامدىن بىقارار تېيىلىشىم ناتايىن.

مۇھەببەتتىن ساختا تون كىيىنىشىم ناتايىن،
ياخشى كۆزدە كاسات مال بىلىنىشىم ناتايىن،
ناكەسلەرگە پۈتلىشىپ قالمىساملا تىنىقتىن،
ھېچقاچاندا «كۆمۈك» رەڭ بېزىلىشىم ناتايىن،
ياخشى كۆزدە كاسات مال بىلىنىشىم ناتايىن.

شاھ بولامدۇ، گادايمۇ قېتىلىشىم ناتايىن،
ھەم بۆرىدەك ھەممىگە ئېتىلىشىم ناتايىن،
مەيدانى يوق ئادەمنىڭ خام پوستىغا تىقىلىپ،

كۆرۈپ سارالڭ شامالنى پىرقىرىشىم ناتايىن،
ئاچ بۆرىدەك ھەممىگە ئېتىلىشىم ناتايىن.

## مەن بۈركۈتمەن

مەن بۈركۈتمەن قاناتلىرىم زەر،
ئۆز ماكانىم ئاسمان گاھى يەر.
سەلتەنىتىم، شەۋكىتىم پامىر،
ئۆمرۈم شۇڭا كۆرمەيدۇ زەرەر.

پامىر تېغى ئالتۇن بۆشۈكۈم،
ۋەتەن ئۈچۈن سوقار يۈرىكىم.
مەن ئاسىيدىن يىراقتىكى قۇش،
ئاسىي بولسام زىندان — كۆشىكىم.

قاناتىممۇ، تېنىممۇ پامىر،
يۈرىكىممۇ شۇ ھەيۋەتلىك قىر.
ئۇۋا قىلىپ تاغ جىراسىنى،
مەن بۈركۈتمەن سادىقى ئاخىر.

## ئاھ گۈزەل

كىرىپالدى خىيالغا بۆسۈپ،
جامالىڭنىڭ سىرلىق ئوغرىسى.
گەر كەتسىمۇ ئۆزگە دۇنياغا،
كائىناتتىن كېلەر سورغۇسى.

پەرۋايىڭغا ئالمىدىڭ بىر رەت،
كۆيۈپ قىلدەك تولغانسا جىسمىم.
مەۋجۇتلۇقۇم يوقالدى تامام،
ئەل ئارىدا ئۇنتۇلدى ئىسمىم.

سۆگەت تالمۇ سۇرۇپ كەتتى بىخ،
مېنى يوقلاپ كەلمىدى باھار.
ئاڭلا، غەمكىن يۈرەك كۈيۈمنى،
مەندىن ۋىسال تاپمىدىڭمۇ يار.



### قۇربانباي سەئىد قەدەم

# زەرەپشاننىڭ تىنىق ساھىلى



قۇربانباي سەئىد قەدەم 1975 - يىلى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تاشقورغان ناھىيىسى ۋاچا يېزىسىدا بىر كادىر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1994 - يىلىدىن 1996 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق مەكتەپنىڭ ئالىي تېخنىكوم كەسپىي تەلىم - تەربىيە ياشلار ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە كەسپىدە ئوقۇغان. 1996 - يىلى 9 - ئايدىن 2000 - يىلى 6 - ئايغىچە تاشقورغان ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىدا خىزمەت قىلغان. 2000 - يىلى 7 - ئايدىن ھازىرغىچە ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى 2000 - يىلى باشلانغان.

## شېئىرلار

## ھەسەل ھەرىسى ۋە قىز

نازغىنىشلار ئىسكىتىدىن بېرىلگەن ۋەدە،
يۇرەكلەرگە ئاتەش ياقتى كۆتمەستىن ئەتە.
قىزىل گۈلدىن ئەنداز ئالغان لەۋلىرىڭ ئۆزرە،
ھاجىتىمنى تولدۇرۇۋالاي گۈزەل سۇرەتتە.

ھەسەل ھەرە كەبى ماڭدىم گۈل شىرنىسىن دەپ،
گۈلباغلاردا سەن گۈلۈمگە كۆكسۈم ياقاي دەپ،
غۇنچە پورەك ئېچىلماستىن توزۇپتۇ ئەجەب،
كەلسەم پورەك دېڭىزىڭدا مەنلا ئاقاي دەپ.

ھەسەل يىغىپ شىرنە بېرەر لەززەتلەر تامان،
شىرنىسىنى كىم ئوغرىلاپ كەتتى بىلمىدىم؟
مەن يۈرىمەن مەھەللەڭدە سەرسانە قامغاق،
قىز قەلبىڭدىن جاۋاب ئىزدەش مۈشكۈلمۇ قانداق؟

# ئىز قالسا سېنىڭدىن ئارمىنىڭغا خاس

ئۆمۈر دېگەن ئاققان دەريانىڭ ئۆزى،
ھاياتلىق ئىلكىڭدە توختىماس ئەبەد.
ئەجەلنىڭ كەلمىكى ھەركىمگە بەرھەق —
ئۆتكۈنچى ئالەمدۇر بۇ دۇنيا پەقەت.

ئەجەلدۇر ھاياتنىڭ ئاخىرقى چېكى،
ئۇنىڭدىن قېچىش ئەمەستۇر مۇمكىن.
ۋەلېكىن ھاياتنى ئۇزارتاي دېسەڭ،
مەنىلىك ياشاشنى ئۆگەنگىن، بىلگىن.

خەلقىڭگە، ۋەتەنگە ئۆزۈڭنى ئاتا،
ساداقەت يولىنى تاللا، قەدەم باس.
ئۆلسەڭمۇ ئارمانسىز، ياشايسەن شۇندا،
ئىز قالسا سېنىڭدىن ئارمىنىڭغا خاس.

# نەسرلەر

## زەرەپشاننىڭ تىنىق ساھىلى

ھاياتلىق ئۈزۈلمەيدۇ مەڭگۈ، سۇ ئېقىنلىرى توختىمايدۇ مەڭگۈ، مېھىر-مۇھەببەتنىڭ چەكسىزلىكى تۈگىمەيدۇ مەڭگۈ.

### 1

روھىي ھالىتىمنىڭ ئاشكارىلىقىدىن دەۋرلەنگەن بۇركۇت قاناتلىرى ئاتەشتەك قۇياشنىڭ سېھىرلىك باغرىغا شۇڭغۇپ، يارىلانغان يۈرەك بەتلىرىمدىن تەسەللى ئىزدىمەكتە ئىدى… بۇ خىل شېرىن ئەسلىمىلەردىن بالىلىقىم تايتاڭلاپ دەريادىكى ھاياتلىق باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى. تىنىق، سۈرلۈك سۇ تەكتىدە ھاياتلىق نوتىلىرى ھەر زامان قايناپ تۇرىدۇ… دىلئۈزارىمنىڭ زەرەپشان سۇلىرىدەك تىنىق كۆزلىرىدە ھاياتلىقنىڭ قايتا نۇرلىنىشى تەۋەللۇتىنى، ئەڭ سۈزۈك، ئەڭ پاك بولغان تىنىقلار بىلەن ھاياتنىڭ ئەگرى - بۈگرىلىكىگە ئىنتىلىش، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كېتىپ، ھايات شىۋىرلاشلىرىغا ئۇدۇملۇق پىچىرلاش ئىستىكى بارلىقىنى سېزىۋالدىم - دە، ئۆزۈمدىكى تاشقى نىشانلىرىمنى شامالدا پىرقىراپ ئۇچقان ياپراقلاردەك ئېگىز داۋانلاردىن ھالقىتىۋەتتىم. ھاياتقا ئىنتىلىش بىلەن تورمۇش تۇمانلىرىغا شۇڭغۇپ كىرىشنىڭ بىردەكلىكىنى تارىخنىڭ بېزەك ھارۋىسىدىن تېرىپ ئېلىۋالدىم - دە، سۈرلۈك، تىنىق كۆزلۈك جانانىمنىڭ كۆزلىرىدەك سۈرلۈك تىنىق زەرەپشان باغرىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم…

دەريا ساھىلىدا تۇرۇپ باھارنى كۈتۈش بىلەن سۇلار ئىچىگە كىرىپ سۇ بىلەن بىرلىكتە كۈتۈشنىڭ پەرقلىقلىقىنى تۇنجى قېتىم سېزىۋالدىم. يالغان كۆيۈش بىلەن ئارچىدەك چاراسلاپ كۆيۈشنىڭ تۈيغۇسىنى قەلبىمگە يېزىۋالدىم···

## 2

ئاينىڭ نۇرلىرىغا چۆمۈلۈپ تۇرماقتىمەن دەريا قىرغىقىدا. جىمجىت خىياللىرىم ئاي بىلەن دەريا سۈيىنىڭ گىرەلەشمە گىرۋىكىدە تۇرۇپ ئالەمنى ئارىلاپ چىقماقتا.

ھىلال ئاينىڭ مەسۇم، سېرىق رەڭگە مايىل جامالى قەلبىمدە يارنىڭ مېھرىلىك سىيماسىنى جەۋلان قىلدۇردى. سېرىق رەڭ خۇنۇكلۇك، شەھۋەتلىكنى ئىلتىجا قىلىپ زېمىن ئۆزرە ئىللىسمۇ ئەلبومدىكى كۆركەم يېشىللىقنىڭ ئالدىدا مېۋىسى مەي باغلاپ تۇرغان مېۋىلىك دەرەختەك جۇلالىنىپ تۇرغان نىگارىمنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان تىرىك ئېچىرقاشلىرى مۆجىزات دۇنياسىغا ئوت ياقتى. ساپسېرىق ھەسەل ھەرىسىنىڭ ھەسىلى تاتلىق بولغىنىدەك، يالىڭاچ شاخلارغا قونۇۋېلىپ ھەمسۆھبەتتە بولۇپ ئۆتكەن قۇشقاچلارنىڭ مېھرىلىك سۆھبىتىدەك، يارنىڭ مېغىز رەڭ لەۋلىرىدىكى ئاياز ھىدلىق ئۇمىدلىرىنى ۋاقتىنچە بولسىمۇ غايىبانە سۆھبەت بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتىمەن دەپ تۇيغۇ خېتى ئەۋەتتىم شامالارغا يېلىنىپ. ھەر يانغا يېيىلغان ھىلال ئاي نۇرىنىڭ يارىمنىڭ يۈزىگە تەقلىدلىنىپ قېلىشى ھاياجىنىمنى ئۇلغايتىۋەتتى. پايانسىز سۇ دانچىلىرى پايانسىز ئۇمىدلەرنى ئوراپ دۇنيانى ئايلىنىپ تۇرسا بولىدىكەنۇ، مەن نېمىشقا زەر ئالتۇنلارغا تولغان قۇملار باغرىغا سىڭىپ كەتمەيمەن؟

ھەر قېتىم ئۇنىڭ لۇغەتتىكى سىرلىق كۆزلىرىدىن چەكسىز مېھىر - مۇھەببەتنىڭ غايىبانە چېھرىسىنى كۆرىمەن.

ئۆزىنى تامامەن بېغىشلىغانلارنىڭ روھىغا تۈرلۈك - تۈمەن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بېغىشلاش روھى توپلانغان. ئاينىڭ زېمىنغا چاچقان نۇر تالالىرى دەريادىكى سۇلار دانچىسىغا كىرىشىپ مۇھەببەتنىڭ ئۆلمەسلىك جاسارىتىنى ئىپادىلەيدۇ. تەسەۋۋۇرۇم يارنىڭ كۆزىدىكى ئۇدۇملۇق بۇرچىغا تەڭلەشكەندە، سۆيگۈلۈكنىڭ تىلەپ ئېلىۋېلىش ۋاستىسى بىلەن ئەمەس، تەبىئىي ھالدىكى ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى بىلىۋالدىم.

ئايدىڭ باغرىدا سۇلار شىرقىراپ ئاقىدۇ. كۆكتە يۇلتۇز چاقنايدۇ. قۇمساڭغۇ دەريا ساھىلىدا مەستخۇش بولغان ئىنسان مەي باغلاپ تۇرغان مېۋىگە كۆز ئۈزمەستىن تىكىلىپ تۇرىدۇ. مېۋە ئۇرۇقلىرىنىڭ زېمىن باغرىنى يېرىپ قايتا ئۆز ھاياتلىقىنى نامايان قىلىشىنى ئىستەيدۇ...



ئىسمائىل قەلەم

# بىر كۈي بار يىراقتا سوزۇلغان شۇنچە



ئىسمائىل قەلەم 1972 - يىلى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ تار تاجىك مىللىي يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1990 - قىزىلسۇ دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتكۈزۈپ، ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا 30 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر - ماقالە ئېلان قىلدۇرغان. 1998 - يىلى شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات مەخسۇس كۇرسىنى تاماملاپ، ئۆزلۈكسىز تۈردە 2002 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ تولۇق كۇرسىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش شاھادەتنامىسىگە ئېرىشكەن. ھازىر ئاقتۇ ناھىيە تار تاجىك مىللىي يېزىسى مەركىزىي ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى.

*شېئىرلار*

## يالغۇزلۇق

كۆز ئالدىمدا سىرلىق بىر تۈگۈن،
ياتسىرايدۇ مىڭلاپ تىرىك جان.
يەتمەس ئاھىم ھېچ يەرگە بۈگۈن،
يۈرەك جانسىز، ئارمانلار نىمجان.

سىقىشلاردىن سىقىلغان بۇ تەن،
رەستىلەردىن ئىزدەيدۇ بازار.

سەن يىراقتا قەلبىم ھەم جىمجىت،
تەنھالىقتىن تۆكىدۇ مۇڭ - زار.

يىراق ئورمان، قەدىمىي دەرەخ،
ھومايماقتا ئۆزۈمگە رەت - رەت.
بوۋا، كۆردۈم كىتابلىرىڭنى،
قالدى بۇگۈن ئاداققى بىر بەت.

## ياشلىق تامچىسى

ياشلىقىدىن سىرغىپ چۈشتى بىر تامچە،
گۇۋاھچىسى دېڭىزلاردا بىرقانچە.

سەن كۈلدۈڭمۇ ياكى خاپا بىلمەيمەن،
ئازابمۇ سەن بالىلىقىم قالدۇرغان.
بەختىممۇ سەن ھاياتىمغا نۇر بېرىپ،
ئاسمىنىدا چولپان كەبى پارلىغان.

ياشاش بەخت، ئۆچەكەشكەن تۇزاقلار،
بېرەلمەيدۇ ياشلىقىمغا خاتىمە.
سەرسان سۆيگۈ، ئازغۇن خىيال، بولدى بەس،
تىلسىم يېرىپ قالدۇرمەن ئەسلىمە.

## بۇ ھايات ناگاندا كۆرگەندەك بىر چۈش

سەۋەبسىز تۆكۈلمەس بىر تامچە ياشمۇ،
سوغۇق مۇڭ باغرىدىن ياغىدۇ نالە.

ئەقلىدىن ئازدۇرغاچ تىنىمسىز كۆڭۈل،
بىر غەمكىن تۈيغۇدا پىچىرلار لالە.

بۇ ھايات ناگاندا كۆرگەندەك بىر چۈش،
غىل - پاللا كۆرۈنۈپ يوقالغان ئىستەك.
قىپقىزىل ئېچىلغان سۈنئىي گۈل قاچان،
بولالىغان غەم باسقان دۇنياغا بېزەك؟

سۈپسۈزۈك ئارشاڭدىن ئېتىلغان گۆھەر،
تاشلارغا سوقۇلۇپ تۈگەيدۇ ھورى.
ھەتتاكى ياپيېشىل يوپۇرماقلارنىمۇ،
قاپلايدۇ ئاخىرى ئۆمۈچۈك تورى.

## ئوغلۇمغا

كۆز ئاچتىڭ دۇنياغا كۈلگەندەك قۇياش،
قۇت - ئىقبال ئاچماقتا ساڭا كەڭ قۇچاق.
ئېزىقما تۈنلەردە، بولمىغىن بىدار،
بەرگىڭدىن نۇر ئېمىپ ياشارسۇن ياپراق.

مەردلىكنى ياشاشتا گۈلتاج قىلىپ قىس،
تىلتۇمار ئورنىدا ئاسقىن زۇلپىقار.
باش ئەگسۇن تىك - قىيا، تاشلارمۇ ھەتتا،
گۈل ياشلىق بىھۇدە ئۆتمىسۇن زىنھار.

تېنىڭدە چاقنىسۇن ۋەتەن سۆيگۈسى،
قەلبىڭدە مۇھەببەت بولسۇن بىغۇبار.
نادامەت - ھەسرەتلەر كەتسۇن يىراققا،
ئەل ئوغلى بولىدۇ ھامان بەختىيار.

## تۇغۇلۇش بىر بەخت — ئۇستازدىن كېلەر

قانچىلاپ شاھلارنى ئەيلىدى ھازىر،
قانچىلاپ ئالىمغا تۆكتى ئەقىل - قۇت.
تۇغۇلۇش بىر بەخت — ئۇستازدىن كېلەر،
ھاياتنىڭ پىچىگە قالايدىغان ئوت.

قانچىلاپ ئەمگەكچى - مەردانىلەرگە،
ئۇ ھامان ئەجىردىن تۆلىگەن بەدەل.
بار شۇڭا تارىخنىڭ ئوتلۇق سازىدا،
ئۇستازنىڭ شەنىگە ياڭرىغان غەزەل.

مەنمۇ ھەم يېتىلدىم بولۇپ بىر ئۇستاز،
ئالدىمدا بار نۇرغا تەلمۈرگەن كۆزلەر.
ئۇلاردۇر بەختىمنىڭ ئالتۇن ۋارىقى،
تىزىلغان ئۇنىڭغا مەرمەردەك سۆزلەر.

تۆكۈمەن ئۇلارغا چېھرىمدىن شەربەت،
ئۇستازلىق بۇرچۇمنى قىلىپ چىن ئادا.
كېلەچەك مۇنارى ئۇلار مەن ئۇچۇن،
ئارزۇيۇم تىكلەشتۇر ئۇنى كۆك ئارا.

## ئاچچىق يۇتۇش

زېرىكىش ئىچىدە ئۆتمەكتە كۇنۇم،
سۇكۇتكە تولغان بۇ ئىرالار ئارا.

سوغۇق بىر نەزەردە قارايدۇ سەتلەپ،
مەنىسىز ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىم ماڭا.

رىتىمسىز تۇرمۇش ئاھ، رىتىمسىز قەۋەت،
قۇپقۇرۇق، ئاق ئارخىپ قىلماقتا تەۋە.
يۆلىنىپ تۇرغىنىم يىلتىزسىز دەرەخ،
زارىقىپ كۈتىمەن، كۈتتۇم نىسىۋە.

بۇ كۈنلەر ئازابقا يارالغاندەكلا،
ئىز بېسىپ ئارقامدىن كېلەر سايىدەك.
نە كۈنلەر كېلەركىن بېشىمغا يەنە،
بۇرۇقتۇم كۈنلەرگە قويۇپ يېڭى چەك.

## مۇھەببەت قورغىنى

بۇ قورغان ئىچىدە ياشايدۇ ھەركىم،
لېكىن ئۇ بىلەلمەس تۇتقۇنلۇقىنى.
بىر تىنىق ئاھ ئۇرماي كۆرەلمەس ھېچكىم،
شۇ مەنزىل — ۋىسالنىڭ يىراقلىقىنى.

بولساقمۇ گەر شۇنداق قورغان ئىچىدە،
سېزىلەر ئۇ چەكسىز سۆيگۈ ماكانى.
ھىدىدىن تىن ئېلىپ بولغاندا مەستخۇش،
ئاھ شۇندا چېچەكلەر سۆيگۈ ئارمانى.

ياشلىقنىڭ بىر گۈزەل ئازابگاھى ئۇ،
ئەڭ شېرىن مىنۇتنىڭ جەلپكارى ھەم.
ۋاپادىن ئۇل ياساپ چىقالىساڭ ئەگەر،
ئېتىلەر بۇ قورغان مەڭگۈ مۇستەھكەم.

## شۇنداقلا ياتلىشىپ كېتەمدۇق جېنىم

بىز شۇنداق ياتلىشىپ كېتەمدۇق جېنىم،
بىرقېتىم ۋىسالغا يەتمەستىن ئەجەب.
سۆكۈتكە سىرداشقان كېچىلەر ئارا،
چەكسىز بىر بوشلۇقتا قالدىم تەمتىرەپ.

بوغۇزلاپ تاشلىغان بىچارە قۇشتەك،
تېپىچەكلەپ سوقالماس يۈرەكمۇ بۇدەم.
قەلبىڭنىڭ تۆرىدە ساقلاپ قوي مېنى،
مەيلى بىز ئايرىلىپ تۇرساقمۇ ئەركەم!

## يەنە شۇ غېرىبلىق باسار يەلكەمنى

قەدىمي ئازابنىڭ خارابىسىدەك،
غېرىبلىق، مىسكىنلىك شۇ قەدەر ئېغىر.
يوقالغاچ سەن بىلەن مېھىرلىك بېقىش،
كۆلكىلەر مۇز بولۇپ تىترەيدۇ دىر - دىر.

ئۆرتىدى قەلبىمنى ئاچچىق بىر نىدا،
يامرىدى جىسمىمغا ئازاب ئۇھسىنىش.
يانۋاردا ئېچىلغان مۇھەببەت گۈلى،
باھاردا توزۇدى ئۇنسىز، تىۋىشسىز.

خىياللار دولقۇنى چايقىلار ئەنسىز،
ئاھ شۇ دەم سۆكۈنات باسار يەلكەمنى.

تەنھالىق ئىلكىدە مۇڭلۇق ئىزتىراپ،
بىر تىمتاس جىمجىتلىق تۆكەر يېشىنى.

## بىر كۈي بار يىراققا سوزۇلغان شۇنچە

بىر كۈي بار يىراققا سوزۇلغان شۇنچە،
ئېيتقاندۇق بىز شۇنداق ئۈزۈلمەس قىلىپ.
نائىلاج ئايرىلدۇق قالدى داۋامى،
قايتتۇق ھەر ئىككىمىز ھەسرەتنى يۈدۈپ.

بىر كۈي بار يىراققا سوزۇلغان شۇنچە،
جەنۇب ۋە شىمالنى باغلىغان مەھكەم.
مۇمكىنسىز سۆيگۈدىن ئۈندۈردۇق ئازاب،
بىر ئۈنسىز يىراقلاش باغرىدا ئەركەم.

بىر كۈي بار يىراققا سوزۇلغان شۇنچە،
ئۇ دەردمەن شائىرنىڭ ھىجران كەچمىشى.
بىر يۈرەك، بىر ناخشا ئەۋەتتىم قوشۇپ،
ئەڭ يىراق سەھرادىن سېغىنىپ سىنى.

本集子选录12位塔吉克族作者一部分优秀的诗歌和散文作品。

مەسئۇل مۇھەررىرى: چىمەنگۈل ئاۋۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن

# بۈركۈتلەر پەرۋازى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: باتۇرجان ئاتىخان

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
ئاقسۇ فېيدا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850مم، 1/32
باسما تاۋىقى: 6.5 قىستۇرما ۋارىقى: 1
2003 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
2003 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 3070 — 1

---

ISBN7 — 5373 — 1118—8/I. 303
باھاسى: 10.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەخمۇتجان تۇردى
ئاۋۇت بارات



ISBN 7-5373-1118-8

9 787537 311182 >

ISBN 7-5373-1118-8
I.303（民文）定价:10.00 元